ئومۇمىي 18-سان

2021 يانۋار -فېۋرال

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مەخپىي ئۇرۇش

1



ياسىر قازى

109



خىتاينىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى

52

2021 يانۋار -اپرېل

ئومۇمىي 18-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي سالنامە ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش


شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقنىڭ تۆپ يىلتىزى

كىشلىك مۇۋەپپەقىيەتتىكى «يىگىرمە پىرسەنت» قائىدىسى 97

مۇستەملىكىدىكى ئاڭ ۋە ئىپادىلىرى 39


## خىتاي تەتقىقاتى


مەخپىي ئۇرۇش


## گۈلىستان


«يول» ناملىق رومان ھەققىدە

ئامېرىكا پرىزىدېنتى ئىشلىتىدىغان ئېلېكترونلۇق بۇيۇملار 112


## تارىخ ۋە بىز


ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ئوينىغان رولى 25


## خەلقئارا ۋەزىيەت


ئوتتۇرا شەرقنىڭ سوغۇق ئۇرۇشى 101

ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن سوغۇق ئۇرۇشقا كىرىشتىن ساقلىنىشى 56

خىتاينىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى 91


## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام


ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 82


## ساغلاملىق


قۇرئاندىكى شىپالىق مېۋىلەر ۋە ساغلاملىق 108


## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار


ئوقۇش ھاياتىمدىكى ئەسلىمىلىرىم 60



## بۈيۈك سىمالار


ياسىر قازى










خىتاي تەتقىقاتى

HOW CHINA TOOK OVER
WHILE AMERICA'S ELITE SLEPT

# مەخپىي ئۇرۇش

# STEALTH WAR

روبېرت سپالدىڭ



GADIER GENERAL
RT SPALDING
'S Air Force, Retired)

# يەتتىنچى باب: سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە

«ئۇرۇش دېگەن سىياسەتنىڭ باشقا بىر شەكىلدە داۋاملىشىشىدۇر.»

گېرمانىيە ھەربى نەزەرىيىچىسى كارىل ۋون كىلوسۋىتز (Carl Von Clausewitz) ئىككى ئەسىر ئىلگىرى يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتقان بولۇپ، ئۇ تىلغا ئالغان «ئاممىۋى سىياسەت» سىياسەتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. ھەربىي ئالىملار ئادەتتە بۇ جۈملىدىكى ئۇرۇش ۋە سىياسەت دېگەن سۆزنى ئۆز ـ ئارا مەنىداش سۆز دەپ تەبىر بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسەتنى يۇقىرىدىكىگە ماس ھالدا ئۇرۇشنىڭ باشقا بىر شەكىلدىكى داۋاملىششى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ خىل ئىزاھلاش تېخىمۇ ئۆز ئورنىنى تاپقان. كىلوسۋىتزنىڭ «ئۇرۇش بىر سىياسى ھەرىكەتتۇر، ياكى سىياسىي قارار ئارقىلىق غەلىبە قىلغۇچىغا پايدىلىق بولغان نەتىجىگە ئېرىششتىكى ۋاسىتىدۇر» دېگەن سۆزى خىتاينىڭ قوللىنىۋاتقان ئىستىراتېگىيىسىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسەت، دىپلوماتىيە، ئالدامچىلىق قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ خىتاينىڭ تەسىر كۈچىنى قولغا كەلتۈردى ۋە كېڭەيتتى، شۇنداقلا ئۆزىنى ئۇرۇشقا كىرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى. بۇ «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ۋە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن ئىككى كىتابتىكى مەركىزى نوقتىئىينەزەر بولغان «ئۇرۇشسىز غەلىبە قازىنىش» غەرىزىنى تېخىمۇ بەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. خىتايلار خېلى بۇرۇنلا بۇ خىل ھەربى تاكتىكىنى ناھايىتى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن زىيان ۋە خەتەرنى ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەن. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى خىتايلار دېھقانچىلىققا تايىنىپ جان بېقىپ كەلگەن. ئۇرۇشقا ماھىر بولمىغان خىتايلارنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى قۇرۇپ چىقىشىمۇ ئۇرۇشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا خىتايلارنىڭ ئۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى كىلوسۋىتز ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئۈچۈن تەتبىقلاش، ھەمدە ئۇنى قارشىسىغا ئىشلىتىش بولۇپ كەلدى. شۇڭا خىتايلار «ئىشقىلىپ بىز ئۇرۇشقا يېقىن كەلمەيمىز» دېيىشىدۇ. گەرچە خىتايلارنىڭ ئۆزىنى تاجاۋۇزچىغا ئوخشمايدىغان قىياپەتتە كۆرسىتىشى ئاسانغا توختىمىسىمۇ، خىتايلار — بىز ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە — سىياسەت ۋە تاشقى دىپلوماتىيە ساھەلىرىنى ئۇرۇش دەپ قاراپ كەلدى. شۇڭلاشقا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى پەقەت مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش، قىلتاق قۇرۇش، پارا بېرىش، سودىلىشىش قاتارلىق

رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ياكى ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىساق، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئىستراتېگىيىسى سىياسىي تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئاخباراتقا ئېرىشىش، پۇل ئارقىلىق باشقىلارنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى مەركەز قىلغان.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسى ۋە دىپلوماتىك ئۇرۇشىنىڭ يادروسى تەسىر كۈچ بولۇپ، بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك. ئالدى بىلەن كىمنىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى، يەنى ئەڭ چوڭ ھوقۇقنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. ئاندىن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى قازىنىش، لېكىن ئۇلارنى باشقىلارغا ياردەم بېرىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى  ئۆزى ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈش لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي دىپلوماتىيە سىياستىدە «ئۆزى كونترول قىلماقچى بولغان تەرەپكە خىتاينىڭ رەزىل پىلانلىرىغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەسلىك» پىرىنسىپىنى قوللانغان. خىتاي بۇ  مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاقكۆڭۈل قىياپەتتىكى يالغان ئوبرازىنى تىكلەيدۇ ۋە ھەممە ئىشنى پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئېنىقكى بۇ ھىيلە ـ مىكىر خىتاي ئۈچۈن ئوبدانلا كارغا كەلگەن بولۇپ، خىتاي تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى ئېچىش ئۈچۈن ۋەدە قىلغان قىممىتى بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان «بىر بەلباغ، بىر يول» ئۇل ـ ئەسلىھە قۇرۇلۇش لايىھەسى ئىنتايىن ئالقىشقا ئېرىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ لايىھەگە تايىنىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا تۆمۈر يول، تاش يول،  دېڭىز پورتى تورى بەرپا قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق ئىقتىسادىي سىستېمىغا كىرىشىگە ياردەم قىلىش باھانىسى بىلەن ئۆزى نىشانلىغان ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئىندەككە كەلتۈردى. لېكىن بۇ لايىھە ئەمەلىيەتتە خىتاينى بۇ يولدىكى ئىقتىسادىي سىستېمىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ۋە تاۋارلارنىڭ خەلقئارالىق ئېقىمىغا تايىنىپ ئۆزى كۆزلىگەن ئاخبارات ۋە سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشتۈرىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلقئارادىكى تەشۋىقاتى «تۇقۇنۇشماڭ، قارشىلاشماڭ، پەقەت ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن ھەمكارلىشىڭ» دېگەن ھىيلىگەرلىك تەشۋىقاتىدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى سىرىلانكا، پاكىستان، گىرېتسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردە قىلغىنىغا ئوخشاش «بىزگە ئىشىنىڭ، بىز سىزگە ياردەم قىلايلى» دېگەندەك شوئارلارنى ھەر يەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىۋالدى ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ چوڭقۇر دېڭىز پورتى قۇرۇشىغا ياردەملەشتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. چۈنكى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر خىل ئېتىبار بېرىش لاھىيەلىرى ۋە سېخىيلارچە

كىرىم پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى قارىماققا ئاشۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. قىلتاققا ئىلىنماقچى بولغان دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى خىتاينىڭ بۇ دەرىجىدە مەرتلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن «بۇ دۆلىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق» دېيىشى تەبىئىي. تەكلىپ بەرگەن خىتاي باش ئەلچىسى بولسا بۇنداق سۆزلەرگە باش لىڭشىتىپ ماسلىشىپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ خىلدىكى سودىلىشىشلاردا قىلتاققا چۈشۈرۈلگەن دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قىزىل بولاق قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ياكى باشقا نەپكە ئېرىشكەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىشىمگە قوشۇلغانلىقى ھېچقاچان سۇ يۈزىگە چىقمايدۇ. باشقىلارغا قىلىنىۋاتقان ئىشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش خىتاينىڭ ھەمكارلىق ئورنىتىش يولىدىكى ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. بۇ ئىشنى ھەرقانداق ساختىپەز گورۇھتىن سورىغاندا، ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇۋەتمەسلىك، يۇمشاق سۆزلەش، ئۇلارغا ئۆزىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، ۋەياكى ئۇلارنى ئالداش ئارقىلىق كۆز ئالدىدىكى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش ئارقىلىق جەڭدە ئۇتۇپ چىقىدۇ. كۈنىمىزدە «دىپلوماتىيە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ كەتتى. ھازىرقى دەۋىردە دىپلوماتىيە دېگەن بۇ سۆز كىشىلەرگە سۆز ھەرىكەتتىكى ئېھتىياتچانلىقنى، ئالاقىدىكى ئەدەپ-قائىدىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن ئۆتمۈشتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. دىپلوماتىيە دېگەن بۇ نەرسە گەرچە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلسىمۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا بىزگە نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزنى ئەسلىتىدۇ: «دىپلومات دېگىنىمىز ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چەتئەلگە يالغان سۆزلەشكە ئەۋەتىلىدىغان سەمىمىي كىشىدۇر.» بۇ سۆزنى ئېيتقان كىشىنى دىپلوماتىيەنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى ياراتقان ئەڭ ياخشى ۋەكىللىك شەخس دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىگىسى ھېنرى ۋاتتىندۇر. (Henry Wotton ) ۋاتتىن شائىر بولۇپ، 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋېنىتسىيەدە ئەنگلىيەنىڭ باش ئەلچىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيەنىڭ قوش بىسلىق ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلانغان بولۇپ، خىتاي مۇمكىن بولغانلىكى تەقدىردە مەخپىي ھەرىكەت قىلىشنى، ئىشىكنى چىڭ تاقاپ ئۆز ئىچىدە مەسلىھەتلىشىشنى، پىلان-مەسلىھەتلىرىنى سىرتتىكىلەردىن مەخپىي تۇتۇشنى خالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، «ھەممە ئىشنىڭ قۇياشتەك ئايدىڭ بولۇشى» غەرب دۆلەتلىرىنىڭ نەزىرىدە قانۇنلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسىدۇر. ھەرقانداق سىياسەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇزاكىرە قىلىنىشى چوقۇم ئۇچۇق ئاشكارا بولۇشى، تاراتقۇلاردا بايانات ئېلان قىلىشى كېرەك.

خىتاي دىپلوماتىيەسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار بۇ ئىشلاردىن قولىدىن كېلىشىچە ئۆزىنى چەتكە تارتىدۇ. ئەينى چاغدا مەن ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ھەربىي ئەمەلدار

بولۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغىنىمدا، خىتاي ئەمەلدارى مېنى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق سىياسەتنى ئاشكارىلاشنىڭ «بىر مىليارد تۆت يۈز مىليون خىتاينىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرگەنگە باراۋەر» بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. بۇ سۆزلەر تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. خىتايغا مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىك مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاش قانداقسىگە خىتاي خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرگەنلىك بولغۇدەك؟ ئەمما، مەن كېيىنچە ئاقساراي مەسلىھەتچىلەر بىرلەشمە كومىتېتىدا خىزمەتكە چۈشكىنىمدە، خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ئامىۋىي سىياسەتلەرنى ئاشكارىلىيالماسلىقتەك بۇ ئادەت پۈتكۈل ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىگە سىڭىپ كىردى. خىتاي سىياستىمىزنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، دېگەن بۇ قائىدە كلىنتون ھۆكۈمىتى دەۋرىدە شەكىللەندىمۇ ياكى بۇش ھۆكۈمىتى دەۋرىدە شەكىللەندىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما مەن بۇ قائىدە ئاشۇ ۋاقىتلاردا ئاللىقاچان مەۋجۇت بولۇپ بولغان دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خىتايغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىنتايىن مەخپىي ئىدى. لېكىن مەن ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك چەكلەشلىرى ھەقىقەتەن ئېنىق بولۇپ، خىتاينىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيەلەرنى ئاشكارە ئېلان قىلىشقا بولمايتتى. چۈنكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى چوڭ كۆلەمدىكى سودا مۇناسىۋىتىگە چېتىشلىق ئىدى. ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ: «خىتاي بىلەن ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، ئىككى دۆلەت چوقۇم دوستانە ھەمكارلىشىپ، شىمالى كورىيە مەسىلىسى ۋە يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى قاتارلىق ئاساسلىق دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك» دەيتتى.

ئامېرىكانىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى خىتاي مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى دېگەن بىمەنە چۈشەنچىدىن كەلگەن. ھالبۇكى، ئەھۋال بۇنداق ئەمەس.

شىمالى كورىيە رەھبىرى كىم جوڭئېن (Kim Jong ـ Un) خىتاي ماڭ دېسە مېڭىپ، تۇر دېسە تۇرىدىغان قورچاق رەئىستۇر. خىتاي كىم جوڭئېننىڭ تەلۋىلەرچە دىكتاتورلۇق قىلىشىنى خالايدۇ ۋە (ئۇنى تەلۋىلىك قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ قويۇپ) خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئۆزلىرىگە تىكىلىدىغان نەزىرىنى بۇرۇۋېتىشنى ئارزۇلايدۇ. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس. مۆلچەرلىنىشىچە، تەخمىنەن ئەللىك مىڭ شىمالى كورىيەلىك خىتايلار ئاچقان زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغان بولۇپ، بۇ كىشىلەر شىمالىي كورىيە ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. كىم جوڭئېن شىمالى كورىيەنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ۋە خەلقئارا ئېمبارگوغا قارىماي، قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساپ چىقماقچى بولغاندا، كىم ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئۇنى قوللىدى؟ ئازراق لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلساقلا كىمنىڭ بالا ـ قازانىڭ پارنىكى بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. مۇھىت ئاسراش ۋە يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، خىتاي پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدا غايەت زور كۆلەملىك قانۇنسىز بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى

دۆلەتلەرنىڭ بىلىقچىلىق ساھەسى ئۈچۈن مىسلىسىز زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خىتاينىڭ بىلىقچىلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە نەق مال بىلەن قولغا چۈشۈپ شەرمەندە بولغاندا، خىتاي بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى رەت قىلدى ياكى (رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا) بۇ جەھەتتىكى ھۇشيارلىقىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ قويۇپ، ئەتىسىدىن باشلاپ بىلىقچىلىق كېمىلىرىنى يەنە يىراق ئوكيانلارغا قويۇۋەتتى. شۇنىڭدەك، خىتاي دۇنيا بويىچە ئاتموسفېرانى ھەممىدىن بەك بۇلغايدىغان دۆلەت بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق دۆلەتلەرگە قارىغاندا ھاۋاغا ھەممىدىن كۆپ كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتاي بۇ جەھەتتە يەنىلا خەلقئارالىق قانۇن-تۈزۈمنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ياخشى قىلغان بىر ئىشى رۇسىيىگە ئوخشاش ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەرگە ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئاندىن خەقنىڭ دۆلىتى ئىشلەپچىقارغان توكنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېلىش بولدى. بۇنداق بولغاندا خىتاينىڭ كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارى بىر ئاز بولسىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە ئىتتىرىپ قويغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا ئاتموسفېرادىكى كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ قويۇقلۇقى يەنىلا تۆۋەنلىمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقى مەسئۇلى يەنىلا خىتاي. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال كۈنسېرى ناچارلاشماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىشتىكى ھىيلە-مىكىرلىرى كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئىككى يۈزلىمچى دىپلوماتىيىسىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولغان ئالدامچىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خىتاي دىپلوماتلىرى ناھايىتى گۈزەل يالغان ئوبرازلارنى يارىتىشقا، ئۆزىنى ئاقكۆڭۈل قىلىپ كۆرسىتىشكە، ياغلىما گەپكە ناھايىتى ئۇستا. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى سېخىي ۋە ساخاۋەتچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك يىغىن ۋە زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە تولىمۇ ماھىر. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەقسەتلىك ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بۇراش، ساختا ئوبراز يارىتىش، ئەپ تاپسىلا يالغان سۆزلەپ، قارشى تەرەپنىڭ گۇمانىنى، ھۇشيارلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ قارشى پىكرىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت. رۇسلار بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەتلەرنى پارچىلاش ۋە مىللىي زىددىيەتنى قوزغاش جەريانىدا قوراللىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئاتوملاشتۇرغاندا، خىتاي خەلقئارادا يۇقىرىقىدەك ھىيلە-نەيرەڭلەر ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۆز قىلمىشلىرىنى بايقاپ يېتەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. خىتاينىڭ ھەر قانداق پىلان-ئىستراتېگىيىسى باشتىن ئاخىر مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. خىتاينىڭ مەخپىي ئىشلىرى قارار سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىشقا باشلانغاندا، قارار ماقۇللىنىپ، پىلان يولغا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تاشقى دۇنيا خەۋەر تاپىدۇ. بىر يورۇق بىر قاراڭغۇدىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇسۇل خەلقئارادا باشقا دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. رۇسنىڭ ھەرىكىتى بولسا پەقەت دىققەتنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن بولسا، خىتاي ئاللىبۇرۇن

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتى ئۆزىگە مەركەزلىشىشتىن بۇرۇنقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستا ـ ئاستا ئارقا ئىشىكتىن ئالدىغىنىنى ئېلىپ قېچىپ بولغان.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلقئارادا ئىشقا سېلىۋاتقان ساناپ تۈگەتكۈسىز تاكتىكىلىرىنى دىپلوماتىيە ئەمەس، بەلكى باندىتلىق دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە شىركەتلىرى، شۇنداقلا ئاخبارات قاناللىرى، دىنىي گۇرۇپپىلار، ئاكادېمىكلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلارغىچە تولۇقى بىلەن پىلانلاپ، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئاجىز پۇقرالىرىمۇ خىتايدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خەلقمۇ بۇنداق بوزەك قىلىشقا كۆپ ئۇچراپ كۆنۈپ كەتكەنلىكتىن، خىتاينىڭ قىلمىشلىرى ئۇلار ئۈچۈن ھەيران قالارلىق ئەمەس. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىپلوماتلىرى ۋە لوبىچىلار ۋەكىللىك قىلىدىغان خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا خەلقئارا سودا قانۇنى، بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، يېمەكلىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنى كونترول قىلىش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمايدۇ. بەربىر خىتايىنى قىلمىشلىرىدىن چەكلىيەلەيدىغان كۈچ بولمىغانلىقتىن، خىتاي ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ خالىغىنىنى قىلىدۇ. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئاپتورى چياۋلياڭ خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەندە «چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى — پرىنسىپ ۋە قانۇن تونۇماسلىق» دېگەن سۆزى خىتاينىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## تەسىردارلارغا تەسىر كۆرسىتىش

خىتاي ھۆكۈمىتى ئادەتتە دىپلوماتىك ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى كوزىردىن پايدىلىنىشقا بەكمۇ ماھىر. بىرىنچىسى خىتاي بازىرىغا كىرىش، ئىككىنچىسى (بۇ بازاردىكى) ئۈزلۈكسىز تاپاۋەت. ئامېرىكادا «خىتاي بازىرىغا كىرىش»تىن ئىبارەت بۇ كوزىر ھەريىلى تەكرار قوللىنىلىدۇ. كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغىنىدەك، خىتاي ئىلگىرىمۇ مۇشۇ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ۋال كوچىسىنى ۋە تۈركۈملىگەن مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئىندەككە كەلتۈرگەن، نەتىجىدە ئۇلار بىردەك «خىتايغا بېرىپ قاتتىق بېيىپ كېتىش» چۈشىنى كۆرۈشكەندى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ تاپاۋىتىنى خىتايدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە يول قويمايۋەرگەنسېرى، ئۇلارنىڭ بېيىش ئارزۇسى مەڭگۈ چۈش

پىتى قېلىشۋېرىدۇ. خىتاي پەقەت ئىستىخباراتقا، تېخنىكىغا ۋە تەسىر كۆچكە ئېرىشمەكچى بولغاندىلا، ئاندىن ئامېرىكاغا زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشى مۇمكىن.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى قولىدىكى بۇ ئىككى كوزېردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، بارلىق ۋەزىپىلەرنى «هوقۇق (تەسىر)دارلارنى تېپىش، ئاندىن ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش»تىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا يىغىنچاقلىغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئاددىي پىرىنسىپ نۇرغۇن ئىستىخبارات ۋە ئانتى ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ جاسۇسلارنى تەربىيەلەش پىرىنسىپىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىگە نىسبەتەن، ئەمەلىي سىياسىي هوقۇقنى ئىگە كىشىلەر، ياكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر، ۋەياكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىدىغانلار كۆڭۈلدىكىدەك تەسىر كۆرسىتىش نىشانلىرىدۇر. خىتاي دىپلوماتىيە دائىرىلىرى قول سالىدىغانلارنىڭ دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا پىرېزدېنت، باش مىنىستىر، ئىچكى كابىنېت ئەزاسى قاتارلىقلار بولىدۇ. ئامېرىكادا خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن بۇ خىل ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشقا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ سالاهىيىتى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سودىگەرلەرمۇ، مۇخبىرلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ، هەربىي ئەمەلدارلارمۇ، شۇنداقلا ۋاشىنگتوندىكى ياكى نيۇيوركتىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرىمۇ بار. ئۇلار پارلامېنت ئەزاسى، دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى، هەربىي ئەمەلدارلار قاتارلىقلارنى نىشانلايدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ «نىشان»لارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، مەزكۇر نىشانلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، مەسىلەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئاياللىرىغا، هەتتا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئاياللىرىنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملارغا يېقىنلىشىشى مۇمكىن. ياكى سابىق مۇئاۋىن پىرېزدېنت بايدېننىڭ مىسالىدىكىدەك، ئۇنىڭ ئوغلىغا يېقىنلىشىشى مۇمكىن.

زور تەسىر كۆچكە ئىگە سىياسەتچىلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئىككى تەرەپنىڭ يۈز كۆرۈشۈشىگە شارائىت هازىرلاش كېرەك، بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇهىم. بۇ خىل كۆرۈشۈشلەر دەسلىپىدە يىغىنغا ياكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش، ياكى خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە پىلان تۈزۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەدەمدىن باشلاپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تەدرىجىي مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا هەمكارلىق لايىهەسى بېكىتىلىدۇ. گاهىدا خىتاينىڭ مۇئاۋىن پىرېزدېنت بايدېننىڭ ئوغلى خانتېر بايدېننىڭ (Hunter Biden) خەۋپىتىن ساقلىنىش فوندىغا بىر مىليارد دوللار مەبلەغ سالغىنىغا ئوخشاش، بۇ خىل ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى ئىنتايىن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

خىتاي هۆكۈمىتى ئىندەككە كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى تولىمۇ كۆپ. مەسىلەن، كېڭەش پالاتاسىنىڭ يۈز نەپەر پالاتا ئەزاسى، ئاۋام پالاتاسىدىكى 435 نەپەر پالاتا ئەزاسى دېگەندەك. گەرچە بۇلارنىڭ هەربىرىنىڭ سەۋەبى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ هەممىسى پۇل تېپىشقا ۋە چەتئەل بازىرىغا كىرىشكە ئىنتايىن قىزىقىدۇ.

## ۋاشىڭتوندىكى ئۇسسۇلچى

2017 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مونتانا ئىشتاتىلىق كېڭەش پالاتا ئەزاسى ستىۋ دەينىس (steve daines) ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، بىر خەۋەرنى تارانقۇلارغا جاكارلىدى. ئۇ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ مونتانا باقمىچىلىق بىرلەشمىسى ئۈچۈن، ئىنتايىن چوڭ بىر سودا پۈرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ئېلېكترونلۇق پارچە سېتىش سۇپىسى بولغان جىڭدوڭ (jd.com) بىلەن گۆش سودىسى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، جىڭدوڭ شىركىتىنىڭ كەلگۈسى بىر قانچە يىلدا مونتانا شىتاتىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى يۈز مىليون دوللارلىق كالا گۆشى سېتىۋالىدىغانلىقىنى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق ئىلكىدە جاكارلىدى. خىتاينىڭ 2003 ـ يىلىدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا باقمىچىلىق ساھەسىدىكىلەر ئىشلەپچىقارغان گۆش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش چەكلىمىسىمۇ مۇشۇ كېلىشىم بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەزكۇر كېلىشىم يەنە مۇنداق بىر «خەيرىخاھلىق»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: جىڭدوڭ شىركىتى مونتانا شىتاتىنىڭ بىگسكاي (big sky) يېزىسىدا گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، يەنە ئاز دېگەندە يۈز مىليون دوللار مەبلەغ سېلىشقا ۋەدە بەرگەن. كېلىشىمدىكى بۇ ئىبارىلەر جىڭدوڭ شىركىتىنىڭ بۇ زاۋۇتنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىش مەجبۇرىيىتى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى (دېگەندەك، «خىتاي كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ يەتتىنچى ئايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ شىركەت كېيىن بۇ ئىشقا بىر سېنتمۇ مەبلەغ ئاجراتمىغان). ئەگەر ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەن تەقدىردە، بۇ خېلى يامان ئەمەس سودىدەك قىلاتتى.

دەينىس شۇ قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ ئايىغىدا، ئۆزىنىڭ بۇ «ئالەمشۇمۇل» نەتىجىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، 18 قېتىم يىغىنغا قاتناشقانلىقىنى، سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم خىتايغا بارغانلىقىنى، خىتاينىڭ (ئامېرىكادىكى) ئەلچىسى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەنلىكىنى، شۇ چاغدىكى ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى رېكس تىلېرسون (rex tillerson)، ئامېرىكا سودا ۋەكىلى روبېرت لايتھىزېر (robert lighthizer)، سودا مىنىسترى ۋىلبۇر روس (wilbur ross) قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆپ قېتىم كېڭەشكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. يەنى، دەينىس كۆپچىلىككە شۇنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى: ئۇنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، مونتانا ئاھالىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىنىڭ ھېچبىر خاتاسى يوق.

لېكىن، ئىشلار كۆرۈنگىنىدەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ئىدى.

دەينىس شۇ قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ئېچىپ بىر ئايغا يەتمىگەن مۇددەتتە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىر توپ ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى. بۇلار خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تىبەت ئاپتونوم رايونىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ھەيئەتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يەردە كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش بىلەن ئاياغلاشقان شۇ قېتىملىق ئامېرىكا سەپىرى قارىماققا ئادەتتىكىچىلا كۆرۈنسىمۇ، لېكىن «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» بولۇپ، بۇلار ئەينى چاغدا ئامېرىكانىڭ پايتەختى ۋاشىڭتوندا يۈز بېرىۋاتقان يەنە بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەندى. ئەسلىدە، ئەينى چاغدا تىبەت سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى لوبساڭ سانگاي (lobsang sangay) ۋاشىڭتوندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان بولۇپ، 12 – ئاينىڭ 6 – كۈندىكى دۆلەت مەجلىسى چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاسىيا تارماق شۆبىسى ئۆتكۈزىدىغان، خىتاينىڭ تىبەتنى باستۇرغانلىقىغا ئالاقىدار ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشماقچى ئىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى لوبساڭ سانگاينى دۈشمەن كۆرەتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئامېرىكانىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئامېرىكا ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تىبەتكە ئەۋەتىشىنى، بۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، خىتاينىڭ تىبەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئەمەلدارلىرىنى ئامېرىكاغا كىرگۈزمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

«ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، «بۇ ئىش خىتاينىڭ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى سىياسىتىنى تەنقىدلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بارغانسېرى كۆپلىگەن غەرب سىياسەتچىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقلا بىز بۇ ئىشتىن يەنە خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئۆكتىچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نە قەدەر زور كۈچ سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالايمىز». لوبساڭ سانگاي «ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى»گە شۇنداق دېگەن: «مەن قەيەرگىلا بارماي، خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى سوقۇشىپلا كېلىدۇ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تىبەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى جان – جەھلى بىلەن ئىنكار قىلىشىدۇ. شۇنداقلا خىتاي يەنە ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە مەن بىلەن كۆرۈشمەسلىك ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىدۇ».

گەرچە دەينىسنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى تىبەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالغانلىقى بىلەن، ئۇنىڭ خىتاي تەرەپ بىلەن مونتانا شتاتىنىڭ گۆش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقى ئارىسىدا يۇقىرىدىكىدەك ۋاستىلىك دەلىللەردىن باشقا بىۋاسىتە دەلىل – پاكىتلارنى تاپقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتى بەكلا ئېنىق ئەمەسمۇ؟ روشەنكى، دەينىس خىتاينىڭ ئۆزى بىلەن 200 مىليون دوللارلىق توختام تۈزۈشۈشى بەدىلىگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتتىكى باسمىچى سىياسىتى ۋە تىبەتنى مۇستەبىتلەرچە ئىدارە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى باستۇرۇپ قويۇش ھەققىدە كېلىشكەن.

## «ئامېرىكا ئاۋازى»نى باستۇرۇش

ختاي بەزىدە يەنە بېسىم ئىشلىتىپ قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ ئاۋازىنى باستۇرۇپ قويالايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئامېرىكادەك پىكىر ئەركىنلىكىنى قىزغىن سۆيىدىغان دۆلەتتىمۇ بۇنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شۇنداقلا، يەنە بەزىدە، سىز بۇنىڭ ئارقىسىدا پەقەت سىياسىي بېسىملا مەۋجۇت دەپ ئويلىغان ۋاقتىڭىزدا، ئەمەلىيەتتە ئىشنىڭ ئاللىكىملەرنىڭ ختايدىن پۇل ئېلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتقانلىقىدەك قاراڭغۇ تەرىپىمۇ بار بولىدۇ. «ئامېرىكا ئاۋازى» ختاي تىلى بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى گوڭ شياۋشيا (龚小夏) 2017 ـ يىلى ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلەش ئارقىلىق، يۇقىرىدىكى نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇ (ئامېرىكادا پاناھلىنىۋاتقان) ختاي زەردار گو ۋېنگۈي (ئامېرىكالىقلارغا مايلېس كۇوك <miles kwok> دېگەن ئىسمى بىلەن تېخىمۇ تونۇشلۇق)نى زىيارەت قىلماقچى بولغانىدى. گو ۋېنگۈي مەيلى ختايدا، مەيلى ئامېرىكادا نۇرغۇن بەس ـ مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان شەخستۇر. ئۇ ئۆي ـ مۈلۈك تىجارىتى ئارقىلىق بېيىغان، لېكىن 2014 ـ يىلى ختايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ختاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنى قاتتىق تەنقىدلەپ، ختايدىكى ھۆكۈمران سىنىپتا چىرىكلىكنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەۋج ئالغانلىقىنى ئەيىبلەشكە باشلىغان. ئۇ تەنقىد ئوبيېكتلىرىنى ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئوچۇق تەنقىدلىگەن. ئۇ ئۆز ئەيىبلەشلىرىنىڭ بەزىسىگە دەلىل ـ پاكىت كۆرسەتسە، بەزىلىرىگە كۆرسەتمىگەن. ئۇ يەنە ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىمۇ قاتتىق تەنقىدلىگەن. ئۇ ھەم پۇلدار، ھەم ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى مەخپىيەتلىكلىرىدىن ۋە كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدىكى ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، چەتئەلدىكى ختايلار ئارىسىدا كىشىلەر ھەممىدىن بەك تونۇشۇشقا ئىنتىلىدىغان داڭدار شەخسكە ئايلانغان. بۇنداق بىرىنىڭ گوڭ شياۋشيانىڭ زىيارەت قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

گو ۋېنگۈيىنىڭمۇ «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغۇسى بار ئىدى. «ئامېرىكا ئاۋازى»دىن ئىبارەت ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان بۇ خەۋەر قانىلىنىڭ ئامېرىكادا ھېچقانچە ئاڭلىغۇچىسى بولمىسىمۇ، لېكىن 1942 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلب قىلغان. مەزكۇر رادىيوسى ئىستانسىسى كېيىنچە يەنە 24 سائەتلىك ئۈزلۈكسىز رادىيو پروگراممىلىرىدىن سىرت، تور رادىيوسى ۋە تېلېۋىزىيە قانىلىمۇ تەسىس قىلغان. مەزكۇر رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئامېرىكا پرېزىدېنتى فورد 1976 ـ يىلى يولغا قويغان قانۇن لايىھەسىدىكى تۆۋەندىكى ئۈچ پرىنسىپ ئاساس قىلىنغان:

1. «ئامېرىكا ئاۋازى» سىجىل ھالدا ئىشەنچىلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەسى بولىدۇ. «ئامېرىكا ئاۋازى» مەڭگۈ ئادىل، ئوبيېكتىپ خەۋەر بېرىشكە، رېئاللىقنى ئۆز پېتى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

2. «ئامېرىكا ئاۋازى» ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن قاتلىمىغا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئامېرىكاغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئىدىيە ـ تۈزۈملىرىنى تەكشى، مۇكەممەل نامايەن قىلىدۇ.

3. «ئامېرىكا ئاۋازى» ئوچۇق، ئۈنۈملۈك ھالدا ئامېرىكانىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، شۇنداقلا مەزكۇر سىياسەتلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە پىكىرلەرنىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خەۋەر قىلىدۇ.

گەرچە «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ ھەقىقەتكە ۋە باراۋەرلىككە ئىنتىلىش مەسئۇلىيىتى بار بولسىمۇ، لېكىن گو ۋېنگۈي ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى، ئۇنىڭ زىيارەت جەريانىدىكى ئوبرازى ئىدى. چۈنكى، شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە رادىيو شىركىتىنىڭ (BBC) ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن مەخسۇس سۆھبەتنى قىسقارتىۋەتكەنلىكى ئۇنى تولىمۇ نارازى قىلغانىدى. شۇڭا، گوك شياۋشىيا دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشقاندا، گو ۋېنگۈي ئۆزىنىڭ نەق مەيدان سۆھبىتىگىلا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان. گوك شياۋشىيا دەسلەپكى بىر سائەتلىك سۆھبەتنى نەق مەيداندىن تارقىتىش، كېيىنكى ئىككى سائەتلىك سۆھبەتنى توردا تارقىتىش شەرتى ئاستىدا، ئۇنىڭ بىلەن جەمئىي ئۈچ سائەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلغان.

لېكىن، گوك شياۋشىيا چوقۇم يەنە بىر كۈن تولۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ، بۇ (تولۇق بىر كۈنلۈك) سۆھبەت مەزمۇنىنى ئېلان قىلغاندا، ئۇچۇر مەنبەسىنى ئاشكارىلىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ شەكىلدە گو ۋېنگۈي بىلەن يەنە بىر كۈن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، گوك شياۋشىيا بىلەن رادىيودىكى يەنە بىر نەپەر ئايال رىياسەتچى بىرلىكتە شۇ قېتىملىق سۆھبەتنى كۆڭۈلدىكىدەك رامكا ئىچىدە، تەكشى خەۋەر قىلالايتتى. گو ۋېنگۈي ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، گوك شياۋشىيا «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ مەسئۇلىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغان. «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ مەسئۇلىمۇ ئۇنى گو ۋېنگۈينى سۆھبەتكە قاتنىششقا كۆندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ماختىغان.

ئەسلىدە، شۇ قېتىملىق سۆھبەتنى بىر سائەت سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى بىلەن تور قانىلىدا تارقاتقاندىن كېيىن، كېيىنكى ئىككى سائەتنى توردا ئاۋازلىق تارقىتىش پىلانلانغانىدى. كېيىنكى بۇ ئىككى سائەتتە گو ۋېنگۈي ئاساسلىقى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى. گوك شياۋشىيانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ زىيارەتنى تاماملاش ئۈچۈن، «ئامېرىكا ئاۋازى»دىكى ئاممىۋى مۇناسىۋەتلەر گۇرۇپپىسى، ئىجتىمائىي تاراتقۇ يازغۇچىلىرى، بىر قانچە نەپەر فىلىم

ئىشلىگۈچى، بىر قانچە نەپەر ئاۋاز تېخنىكى، ئوپېراتور، چىراغچى، شۇنداقلا سەپەر ۋە ئارقا سەپ خادىملىرى بولۇپ، جەمئىي ئاتمىشقا يېقىن كىشىنىڭ ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدىكەنتۇق. بۇنچە كۆپ ئادەمنى ھەربىكەتلەندۈرىدىغان سۆھبەت پروگراممىسى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چوقۇم يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. گوۋ شياۋشيا بۇ ھەقتە: «مېنىڭ دەرىجەم بۇنچە كۆپ ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىشقا يەتمەيتتى» دەيدۇ.

ئەسلىدە سۆھبەت پروگراممىسىنى گو ۋېنگۈي تۇرۇۋاتقان نيۇيورك بەشىنچى كوچىسىدىكى شېرىي ـ گوللاندىيە مېھمانسارىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى ئالىي ياتاقتا ئۆتكۈزۈش پىلانلانغان، پروگراممىدا ۋاقتى 2017 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكانىڭ شەرقىي رايون ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇزغا بېكىتىلگەنىدى. بۇ ۋاقىتنى تاللاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئامېرىكانىڭ شەرقى بىلەن خىتاي ئارىسىدا 12 سائەتلىك ۋاقىت پەرقى بولغاچقا، بۇ پروگراممىدا خىتايدا كەچ سائەتتىن توققۇز بولغاندا، يەنى «ئالتۇن ۋاقىت بۆلىكى»دە ماس قەدەمدە تارقىتىلاتتى. شۇنداقلا، 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، «ئامېرىكا ئاۋازى» شۇ قېتىملىق پروگراممىنى مەخسۇس تەشۋىق قىلىپ، بۇنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى»دىن ئىبارەت بىرلا تاراتقۇنىڭ خاس سۆھبەت پروگراممىسى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. گوۋ شياۋشيانىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر تەشۋىقاتتا يەنە گو ۋېنگۈينىڭ «يادرو بومبىسى دەرىجىلىك (يەنى پەۋقۇلئاددە زىلزىلىلىك) مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلايدىغانلىقى»غا ھۆددە قىلىنغان.

بۇ يەردە شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تاراتقۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغىنىدەك، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتايچىنى ئاساس قىلغان تاراتقۇ قاناللىرى بار. دەل شۇ سەۋەبتىن، چەتئەلدىكى خىتاي ئۆكتىچىلەر مەيلى خىتايدا، مەيلى چەتئەلدە، چەتئەلدىكى خىتايلارنى ئوبيېكت قىلغان، «خىتاي خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە تورى»غا (china global television network) ئوخشاش تاراتقۇلاردا ئۆز سادالىرىنى زىنھار ئاڭلىتالمايدۇ. قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىكى، «خىتاي خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە تورى» ئامېرىكادا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ گو ۋېنگۈينى زىيارەت قىلىشى ئۇنى ئۆز ساداسىنى ئاڭلىتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم سۇپا بىلەن تەمىنلىگەنلىك ھېسابلىناتتى. گو ۋېنگۈيمۇ بۇ پۇرسەتتە پۈتۈن خىتاي تىلى دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالايتتى. ھالبۇكى، خىتاي كومپارتىيەسى چەتئەلدىكى دېموكراتىيەنى تەرغىب قىلىدىغان خىتاي ئۆكتىچىلەرگە ھېچقاچان بۇنداق پۇرسەتنى بەرمەيتتى. «ئامېرىكا ئاۋازى»دىكى گوۋ شياۋشيا بىلەن بىللە شۇ قېتىملىق سۆھبەت پروگراممىسىنى ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ ھېچقايسىسى «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيو ئىستانسىسىنىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەت پروگراممىسى ھەققىدە كۈچەپ داۋراڭ سېلىشىدىن گۇمانلىنىپ باقمىغانىدى. چۈنكى، گو ۋېنگۈينى زىيارەت قىلىشنىڭ ئىنتايىن زور

ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم ئىدى. مۇشۇنچىۋالا مۇھىم خاس زىيارەت پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن بىر تاراتقۇنىڭ داۋراڭ سالماي تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟

لېكىن، خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ بۇ تەشۋىقات فىلىملىرىنى كۆرگەن، ئەلۋەتتە. شۇ ۋەجىدىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى، يەنى (گو ۋېنگۈي بىلەن ئۆتكۈزۈلگۈسى سۆھبەت ھەققىدىكى) تەشۋىقات فىلىمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تۈنجى خىزمەت كۈنى، خىتاي دائىرىلىرى گو ۋېنگۈي تورغىرىسىدا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان. ئەمەلىيەتتە گو ۋېنگۈي 2014 ـ يىلىلا خىتايدىن قېچىپ چىققان. لېكىن، دەل ئۇ «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلماقچى بولغاندا، شۇنداقلا بۇ سۆھبەتنى خىتايدىكىلەرنىڭمۇ ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بار ئەھۋالدا، يەنە كېلىپ گو ۋېنگۈينىڭ پروگرامما داۋامىدا خىتاي كومپارتىيەسىنى تەنقىدلەش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، گو ۋېنگۈينىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئىككى نەپەر ئەمەلدارى «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ مۇخبىرمۇ نائىلاج گوڭ شياۋشياغا ئېلخەت يوللاپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىككى نەپەر ئەمەلدارىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ، خىتاي كومپارتىيەسىگە كۆرە، «ئەگەر <ئامېرىكا ئاۋازى> گو ۋېنگۈي بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سۆھبەت پروگراممىسىنى تارقاتسا، بۇنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا كاشىلا تۇغدۇرغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى»نى جېكىلىگەنلىكىنى ئېيتقان. گوڭ شياۋشيا شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال توغرىسىدا شۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ ئېلخەتنى كۆرۈپ، <بىر سودىگەرنى زىيارەت قىلىش قانداقسىغا خىتاينىڭ خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا كاشىلا تۇغدۇرغانلىق بولىدۇ؟> دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئىستانسىمىزنىڭ بېيجىڭدىكى شۆبىسىگە تېلېفون قىلىپ: <ئۇلار ئىشىنى قىلسۇن، مەن بۇنداق پوپوزىلاردىن قورقۇپ قالمايمەن> دېدىم».

لېكىن، «ئامېرىكا ئاۋازى»دىكى مەلۇم بىر پېشقەدەم تەھرىر بۇ ئىشتىن تەشۋىشلىنىپ، پروگراممىنى «تەكشۈرۈش» كېرەكلىكىنى ئېيتقان. گەرچە بۇ گەپ ياخشى نىيەتتە دېيىلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما گوڭ شياۋشياغا ياقمىغان. گوڭ شياۋشيا ئۆزىمۇ ئۇزۇن يىللىق مۇخبىر بولغاچقا، «خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن خەۋەرنى قانداق تەكشۈرۈشنى بىلىمەن» دېگەن.

لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكىلەر «ئامېرىكا ئاۋازى»غا توختىماي تېلېفون قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغان. «تەھرىرىمىز ماڭا تېلېفون قىلىپ، قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى، مەن: <ئۇلار (يەنى تېلېفون قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغان خىتايلار) نېمە دەيدۇ؟>دېۋىدىم، تەھرىر: <ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بىز گو ۋېنگۈينى زىيارەت

قىلساق، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئورنىنى تولدۇرغىسىز زىيان سالغان بولارمىشمىز› دېدى».

«شۇنىڭ بىلەن مەن: ‹خىتاي تەرەپكە ئېيتىپ قويۇڭ، خەۋەرلىرىمىزنىڭ خىتايغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆز ئېچىگە ئالغانلىقىدىن سىرت، ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوق› دېدىم».

سۆھبەت پروگراممىسى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى بىر سوتكىدا، گوڭ شياۋشيا قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساندى سۇگاۋارا (sandy sugawara) ئۇنىڭ (گو ۋېنگۈي بىلەن ئۆتكۈزۈلگۈسى) سۆھبەت پروگراممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغاچقا، گوڭ شياۋشيا مەزكۇر مۇئاۋىن مۇدىر بىلەن ئېغىز بۇزۇشۇپ تىللىشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ گو ۋېنگۈينىڭ تۇرالغۇسىدىن ئايرىلغاندا، بىر توپ سۆرۈن تەلەت خىتايلار ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالغان. ئاندىن مەزكۇر پروگراممىنىڭ ئىجرائىي فىلىم مەسئۇلى گوڭ شياۋشياغا بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن 15 مىنۇتلۇق نەق مەيدان سۆھبىتىنى تارقىتىپ، ئاندىن ئوتتۇز مىنۇتلۇق ئاۋازلىق پروگراممىنى تەييارلاشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، گوڭ شياۋشيا بۇنىڭغا ئۇنىمىغان. بۇ جەرياندا، گوڭ شياۋشيا ئىزچىل يۇقىرى قان بېسىمىنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئۆزىنىڭ (ھوشىدىن كېتىپ) دوختۇرخانىغا ئەكېتىلىشىدىن ئەنسىرىگەن. ئۇ كۈنى كەچقۇرۇن، گوڭ شياۋشيا «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ يەتتە نەپەر تەھرىرى ۋە رەھبەرلىرى بىلەن قوش تىللىق يىغىن ئاچقان. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن ھېچقايسىسى گو ۋېنگۈينىڭ زىيارەت پروگراممىسىنى بىكار قىلىۋېتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغان. گوڭ شياۋشيا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خەقنىڭ پەقەتلا تۇترۇقى يوق، بۇيرۇق چۈشۈرۈشكىمۇ پېتىنالماي، مەسئۇلىيەتنى ماڭا ئارتىپ قويماقچى بولۇپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئىشىنى ماڭا تاپشۇرۇشتى. لېكىن مەن ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن».

پەردە ئارقىسىدىكى بۇ ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان شۇ پەيتلەردە، «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ مۇدىرى ئاماندا بېنېت (Amanda bennett) ئافرىقادا ساياھەت قىلىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا خىتاي ئەلچىخانىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغانمۇ، يوق؟ خىتاي ئەلچىخانىسىدىكىلەرنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ باشقا رەھبەرلىرىگە بىردەك تېلېفون قىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاماندا بېنېتقىمۇ تېلېفون قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. يەنە كېلىپ، ۋەزىيەتتىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بېنېت گەرچە تەجرىبىلىك ئاخباراتچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېيجىڭ دائىرىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. بۇنداق بولۇشىدا، بېنېتنىڭ ئېرى دونالد گراھام (donald graham) ئەسلىدە «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئەينى چاغدا (يەنى گو ۋېنگۈيگە ئالاقىدار بۇ بىر قاتار ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە) گراھام پاي كونترول شىركىتىنىڭ باش

دىرېكتورى ئىدى. مەزكۇر شىركەتنىڭ قارىمىقىدا يەنە خىتايدا شۆبىسى بار كەپلېن مائارىپى (Kaplan Inc) دېگەن مائارىپ مۇلازىمىتى شىركىتىمۇ بار ئىدى. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، خىتاي ئامېرىكاغا ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ، شۇ سەۋەبتىن «كەپلېن مائارىپى»غا نىسبەتەن خىتاي بازىرى تولىمۇ جەلىبكاردۇر.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن كېيىن، يەنى زىيارەتنىڭ بېكىتىلگەن ۋاقتىغا بىر قانچە سائەتلا قالغاندا، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىن «بېيجىڭ دائىرىلىرى گو ۋېنگۈي ھەققىدە جىددىي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپتۇ، ئىنتېرپول (خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى) ھەرۋاقىت گو ۋېنگۈينى قولغا ئېلىشى مۇمكىنكەن» دېگەن خەۋەر تارقالغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان گوڭ شياۋشيا گو ۋېنگۈينى پىلاندىكى بويىچە زىيارەت قىلغىلى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن، ھەتتا گو ۋېنگۈينىڭ تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ تەقلەپ قويۇلغان ئاۋازغا ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغان.

ھالبۇكى، ئۇلار زىيارەت ۋاقتىغا ئاز قالغاندا گو ۋېنگۈينىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ بارغاندا، تۇتۇش بۇيرۇقىغا ئالاقىدار گەپلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، گو ۋېنگۈينىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى، خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغىمۇ بۇ ھەقتە بىرەر تەلەپ كەلمىگەنلىكىنى بىلگەن. سۆھبەت پروگراممىسى باشلىنىشقا ئىككى مىنۇت قالغاندا، گو ۋېنگۈي تۇرۇۋاتقان شېرربي ـ گوللاندىيە مېھمانسارىيىنىڭ تورى تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلگەن. گوڭ شياۋشيانىڭ ئېيتىشىچە، FBI مەزكۇر ۋەقەنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ شاڭخەيدىكى خاككېرلارنىڭ مەزكۇر بىناغا قىلغان تور ھۇجۇمىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. ھېلىمۇ ياخشى «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ خادىملىرى ئۆزىنىڭ باتارىيەسى ئارقىلىق خىزمەت قىلالايدىغان رادىيو يېرېداتچىكىنى ئېلىۋالغاچقا، پروگرامما پىلان بويىچە باشلانغان.

گوڭ شياۋشيانىڭ مەزكۇر پروگراممىسى بىر سائەت 15 مىنۇت تارقىتىلغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلۈپ قالغان. گوڭ شياۋشيانىڭ ئېيتىشىچە، پروگراممىنى توختىتىش بۇيرۇقىنى بېرىپ چۈشۈرگەن بولۇپ، گوڭ شياۋشيا ۋە گو ۋېنگۈينى زىيارەت قىلىشقا قاتناشقان باشقا خادىملار شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتتىن توختىتىلغان. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، «ئامېرىكا ئاۋازى» گوڭ شياۋشيا ۋە مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى ئىككى خادىمنى رەسمىي ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن.

2018 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، گوڭ شياۋشياغا «ئامېرىكا ئاۋازى»دىن بىر پارچە خەت كەلگەن. خەتتە گوڭ شياۋشيانىڭ قىلمىشى «قەستەن، كەچۈرگۈسىز، رادىيو ئىستانسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خەتەرگە ئۇچراتقان» دېيىلگەن، شۇنداقلا گوڭ شياۋشيا «<ئامېرىكا ئاۋازى>نىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ۋە پېشقەدەم خىزمەتچىلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سالمىغان» دەپ ئەيىبلەنگەن.

گوڭ شىياۋشىيا ئاشۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى، بېنېت يەنە «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ بارلىق خىزمەتچى ـ خادىملىرىغىمۇ بىر پارچە ئېلخەت يوللىغان. مەزكۇر ئېلخەتكە كۆرە، بېنېت گوڭ شىياۋشىيا قاتارلىقلارنى خىزمەتتىن بوشىتىشتىن ئىلگىرى «تۆت قېتىم مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بارلىق تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە، گوڭ شىياۋشىيا ئۇيۇشتۇرغان سۆھبەت پروگراممىسىنىڭ توختىتىۋېتىلىشىدە، <ئامېرىكا ئاۋازى>نىڭ رەھبەرلىرى بىردەك ئىلگىرى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئېرىشكەن زىيارەت ـ سۆھبەت ئۆلچىمىنى كۆچەيتىشنى ئۈمىد قىلىشقان. گەرچە بەزىلەر <ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خىتاينىڭ <جاسۇسلىرى> بار، شۇڭا خىتاي بېسىم ئىشلىتىپ سۆھبەتنى توختاتقۇزۇۋەتكەن دەپ قارىسىمۇ، بېنېت ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، پروگراممىنىڭ توختىتىۋېلىشىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كەلگەن بېسىمنىڭ تەسىرى بارلىقى بايقالمىغان».

مەزكۇر ئېلخەت شۇنى تېخىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا دەلىللەيدۇ:

«ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ رەھبەرلىرى ئىلگىرى مەزكۇر زىيارەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىپ، ئۇلاردىن شۇلارنى تەلەپ قىلغان:

1. زىيارەت ۋاقتىنى بىر سائەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك.

2. þمەزكۇر زىيارەتنىڭ نەق مەيدان ۋىدىيو ئۇلانمىسىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلماسلىق.

3. þزىيارەت داۋامىدا دەلىللەشتىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق ماتېرىيال ياكى مەزمۇننى ئىشلەتمەسلىك.

4. þزىيارەتنى قانچە ئۇزۇن ئاۋازغا ئالغىلى بولسا، شۇنچە ئۇزۇن ئاۋازغا ئېلىش، زۆرۈرىيەت بولمىسىلا توختىتىپ قويماسلىق. كېيىنچە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى دەلىللىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى باشقا پروگراممىلاردا ئىشلىتىش.

گوڭ شىياۋشىيانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ مەزكۇر ۋەقە توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى قانداقتۇر ئۆز خىيالىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇ «ئامېرىكا ئاۋازى» خىتاينىڭ بېسىمى ۋە تەھدىتى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ئۆزى پېچەتلىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بېنېت خىتاينىڭ تىزگىنىگە چۈشۈپ قالغان. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى- پەقەتلا مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. كەسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بېنېت مېنىڭ سۆھبىتىمگە ئۇ قەدەر قاتتىق

- قوپال پوزىتسىيەدە ئارىلاشمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى سۆھبەت مەزمۇنىدىن بىخەۋەر ئەھۋالدا، بۇنداق قىلىشى تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ».

بېنېتنىڭ زادى قانداق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا، گوڭ شياۋشيا بۇنىڭ بېنېتنىڭ ئېرىنىڭ خىتايدىكى تىجارىتىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىدىن شەپە بېرىپ شۇنداق دېدى: «خىتايلار يېڭىچە <قانۇنلۇق> پارا بېرىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى. (بۇ ئۇسۇلدا) قارشى تەرەپكە پۇل بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارغا پەقەت تىجارەت قىلىش پۇرسىتى بېرىلسىلا بولدى».

بىز گوڭ شياۋشيانىڭ ئۆزىنىڭ «رەھبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ئىش قىلغان»لىقى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنى، ياكى بېنېتنىڭ «مەن خىتاينىڭ بېسىمغا دۇچ كەلمىدىم» دەپ ئۆزىنى ئاقلىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرساق، مەزكۇر ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىلا كىشىنى چۆچۈتۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ. ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى، ھۆكۈمەتكە تەۋە ئاخبارات ئورگىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەنقىدلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆھبەت پروگراممىسىنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرگەن، مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزىلا ئاخبارات - خەۋەرچىلىك ئۆلچىمىگە زىت. ئۆكتىچىلەرگە ئۆز ساداسىنى ئاڭلىتىدىغان پۇرسەت بېرىش نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ بۇرچى بولۇپ كەلدى. لېكىن ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ تىجارەت ئوبيېكتى بولغان خىتاينىڭ تەكرار - تەكرار ئېتىراز بىلدۈرۈشى نەتىجىسىدە، بۇ ئۆكتىچىلەرنىڭ ئاۋازى بېسىقتۇرۇۋېتىلدى.

## سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق ئامېرىكانى تىزگىنلەش

گەرچە خىتاي كۆپ يىللاردىن بۇيان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە كۆزىنى تىكىپ، ئافرىقادىكى كونگو جۇمھۇرىيىتىدىن لاتىن ئامېرىكاسىدىكى سالۋادورغىچە، فىلىپپىندىن گىرېتسىيەگىچە، دىپلوماتىك يەمچۈكلەردىن باشلاپ، مەزكۇر دۆلەتلەرگە پۇل - مال ياردىمىنى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغلەرنى قوبۇل قىلغۇزۇپ، شۇنداقلا باشقا ماللىرىنى بۇ يەرلەرگە ئېكسپورت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكانىمۇ ھېچقاچان نەزەردىن ساقىت قىلىپ باقمىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2004 - يىلىدىن باشلاپلا مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى تەسىس قىلدى. مەزكۇر كوڭزى ئىنستىتۇتلىرى نامدا ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى خىتايچە مائارىپ بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىردەك خىتايدىن كەلتۈرۈلگەن خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر. لېكىن، مەزكۇر ئىنستىتۇتلار يەنە دائىم كۇلتۇر دەرسلىرى، شۇنداقلا ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن خىتاي تىلىنى تونۇش دەرسلىكى دېگەندەك باشقا مۇلازىمەتلەر بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. كوڭزى ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىنمىغان نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلارغا نىسبەتەن، كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ بۇ خىل پائالىيەتلىرى ئۇلارنى مۇنتىزىم خىتاي تىلى دەرسىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاچقا، بۇ نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى بىر تالاي ئاۋارىچىلىق ۋە چىقىمدىن ساقلاپ قالغان. چۈنكى، ئۇلار خىتاي تىلى دەرسىنى كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىغا ھۆددىگە بەرسىلا ئىشى پۈتىدۇ، يەنە كېلىپ كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن تۆۋەن ھەق تەلەپ قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى سىرتقا قارىتا، كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ كىرىم قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان ئاممىۋى ئورگان ئىكەنلىكىنى، مەزكۇر ئىنستىتۇتلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ چەتئەلدە خىتاي تىلى ۋە خىتاي كۇلتۇرىنى يېيىش ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى. بۇ تەدبىر ئىزچىل ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولۇپ، «باھاسى ئەرزان، سۈپىتى يۇقىرى» خىتاي تىلى دەرسلىرى مەزكۇر ئىنستىتۇتلارنىڭ چوڭ كوزىرىغا ئايلاندى. 2017 - يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى مەكتەپ - ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا توقسانغا يېقىن كوڭزى ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يەرشارى مىقياسىدىكى كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى بەش يۈزدىن ئاشقان.

لېكىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىنستىتۇتلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى تامامەن يالغان. ھەربىر كوڭزى ئىنستىتۇتى ئىككى نەپەر مۇدىر تەرىپىدىن ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككى مۇدىرنىڭ بىرى خىتايدىن ئەۋەتىلسە، يەنە بىرى شۇ جايدىكى مەكتەپ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئىنستىتۇتلاردىكى گەپ - سۆزلەر سەۋەبلىك تەكشۈرۈشكە ئۇچراش ۋە ئاكادېمىك ئەركىنلىككە چەكلىمە قويۇلۇش ئەھۋاللىرى پات - پاتلا قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇرىدۇ.

كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىنى چەكلەش قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى بارلىق خەۋەرلەرنىڭ ئىچىدە، كىشىنى ھەممىدىن بەك ئىزتىراپقا سالىدىغىنى، كارولىنا شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دالاي لامانىڭ زىيارىتىنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكىدۇر. دالاي لاما تىبەتلەرنىڭ سۈرگۈندىكى دىنىي ۋە سىياسىي رەھبىرىدۇر. كارولىنا شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كوڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت دائىرىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دالاي لامانىڭ (بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى) زىيارەت قىلىشى «مەكتىپىمىز خىتاي بىلەن بەرپا قىلىۋاتقان يېقىن مۇناسىۋەت»كە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ دېگەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى دالاي لامانىڭ زىيارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن.

مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتىكى كوڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرىنىڭ (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) سۆزى كۆيۈنۈشمۇ ياكى تەھدىتمۇ؟ شۇنىسى روشەنكى، دالاي لامانىڭ زىيارىتىنىڭ بىكار قىلىۋېتىلگەنلىكىدىن قارىغاندا، مەزكۇر مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى ئىنستىتۇت مۇدىرىنىڭ سۆزىنى

تەھدىت دەپ قاراپ، دالاي لامانىڭ زىيارىتىنىڭ مەكتەپكە زىيان سالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بېسىمىغا بويۇن ئەگكەن.

كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا پىكىر ئەركىنلىكىنى بوغقانلىقى ۋە باشقا ئىشلارغا قول تىققانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار بۇلا ئەمەس. نيۇيوركتىكى ئالبانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كوڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبىرى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى مەكتەپ ھويلىسىدىكى تەيۋەنگە ئالاقىدار بارلىق تەشۋىقات چاپلىمىلىرىنى سويۇۋەتكەن. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى تارماق كومىتېتىنىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەلۇم بىر شىتاتتا كوڭزى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىلەردە خىتاي تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغان. لېكىن، بۇ مەكتەپلەر فالۇن گۇڭ مەسىلىسىغا ئالاقىدار ئوپېرانىڭ ئويۇنىنى كۆرمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئېلخەت تاپشۇرۇۋالغان ۋە ئېلخەتتە بۇنىڭ سەۋەبى «فالۇن گۇڭ مەسىلىسى خىتايدا چەكلىنىدىغان روھانىي تائىپىدۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. خەتتە يەنە شۇنداق دېيىلگەن: «يېقىندا كوڭزى ئىنستىتۇتى فوندىنىڭ ياردەم پۇلىنى تاپشۇرۇۋالغان مەكتەپلەرنىڭ سەمىگە! ئەگەر شېنيۈن (神韵) سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرسەڭلار ياكى ئۇنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىسەڭلار، كوڭزى ئىنستىتۇتى فوندى سىلەرگە ياردەم پۇلى بېرىشنى توختىتىدۇ».

مارىيلاند ئۇنىۋېرسىتېتى ئون يىل ئاۋۋال ئامېرىكادا تۇنجى بولۇپ كوڭزى ئىنستىتۇتى تەسىس قىلغان ئالىي مەكتەپ ئىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ بۇگۈنگە كەلگەندە، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى جەمئىيىتى (American Association of University Professors) بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلىپ، كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئاكادېمىك پائالىيەتلەرنى نازارەت قىلىش قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن. مەزكۇر دوكلاتتا يەنە ئامېرىكادىكى ئاكادېمىك ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنى كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى تاقىۋېتىشكە ياكى ئۇلار بىلەن يېڭىدىن توختام تۈزۈشكە ئۈندەپ شۇنداق دېيىلگەن:

كوڭزى ئىنستىتۇتلىرى خىتاينىڭ چەتئەلدىكى شۆبىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاكادېمىك ئەركىنلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىغا ئۆز دۆلىتى (خىتاي) تەرىپىدىن يول قويۇلغان. ئۇلار (كوڭزى ئىنستىتۇتلىرى)نىڭ بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى «دۆلەتلىك سىرتقا قارىتىلغان خىتاي تىلى ئوقۇتۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى»نىڭ (国家对外汉语教学领导小组办公室) نازارىتى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئورگىنىدۇر. مەزكۇر ئورگانغا خىتاي سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ۋە خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى بولغان كىشى رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئامېرىكادىكى ئالىي مەكتەپلەر مەزكۇر ئىشخانا بىلەن ئىمزالاشقان كېلىشىمنىڭ نۇرغۇن ماددىلىرىنىڭ «سىرتقا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان»لىقى ئېنىق

كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ماددىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىغا ۋە ئۇسلۇبىغا يول قويۇشنى، بۇ جەھەتتىكى قوبۇل قىلغۇسىز مۇرەسسەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بولۇپمۇ شىمالىي ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار كوڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاينىڭ دۆلەت نىشانىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئامېرىكادىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىشىگە ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ خادىملارنى تىزگىنلىشىگە، شۇنداقلا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ۋە مۇنازىرىلەرگە چەك قويۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

بۇ تەنقىدلەر ئەمدىلەتىن تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، بەزى مەكتەپلەر سىياسىي تەشۋىقات مۇددىئاسى تولىمۇ روشەن بولغان بۇ كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇنداق قىلىشلا ئامېرىكادىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خىتاينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئەگەر خىتاي ئامېرىكانىڭ ئالىي مەكتەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولسا، بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئامال تاپالايدۇ، گەپ پەقەت خىتاينىڭ ئۇنى ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىكىگە باغلىق.

## ئوقۇش پۇلى ئارقىلىق سىڭىپ كىرىش

2017 ـ يىلى جەمئىي 350 مىڭدىن كۆپرەك خىتاي ئوقۇغۇچى ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ ئامېرىكادىكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بىر مىليون 80 مىڭ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ 32.5 پىرسەنتى خىتايدىن كەلگەن، دېگەنلىكتۇر. ئامېرىكادىكى شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئوقۇش پۇلى تەخمىنەن 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، خۇسۇسىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭكى بولسا ئوتتۇرىچە 35 مىڭ دوللاردۇر. ھەربىر خىتاي ئوقۇغۇچىنى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ دوللار ئوقۇش پۇلى تاپشۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇلار بىر يىلدا ئامېرىكانىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىگە ئون مىليارد دوللار «تاپاۋەت» قىلىپ بېرىدۇ. بۇ تېخى ئۇلارنىڭ ئۆي ئىجارىسى، يېمەك ـ ئىچمەك، سەيلە ـ ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلارغا خەجلىگەن پۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەگەر بۇلارنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىساق، خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىر يىلدا ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە جەمئىيىتىگە 15 مىليارد دوللاردىن 20 مىليارد دوللارغىچە «كىرىم» قىلىپ بېرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكاغا ئەۋەتىشى ئەسلىدىنلا مۇئەييەن مەنپەئەت كاپالىتىگە ئىگە. قانداقسىغا دەمسىز؟ ئالدى بىلەن، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان كۈچلۈك مائارىپ سىستېمىسىغا ئىگە. ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكاغا ئەۋەتىش

ختاينىڭ (ئوغرىلاش ۋەھاكازالار ئارقىلىق) تېخنىكىغا ئېرىشىش نىشانىغا يېتىشتىكى ۋاستىلىرىدىن بىرى. ختاي دىپلوماتلىرى ۋە كارخانا ۋەكىللىرى چەتئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئامېرىكادا يارامىلىق تېخنىكىلارنى «ئىگىلەش»نى جېكىلەيدۇ. نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوخشاش ختاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى يىلىدا ئۈچ مىڭغا يېقىن ختاي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سەرخىل ئۆكتىچى ختايلار ياكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى قاتتىق تەنقىدلەيدىغان ئالىملار دەرس بېرىۋاتقان بولسا، ختاي ھۆكۈمىتى نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ختاي ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوقۇش ياردەم پۇلىنى، يەنى ھەر ئوقۇغۇچىغا يىلدا بېرىلىدىغان 47 مىڭ دوللار پۇلنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالسا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ (ئەگەر راست شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە) نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتى بىر يىلدا 141 مىليون دوللار ئوقۇش پۇلىدىن قۇرۇق قالىدۇ دېگەن گەپ (ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆي ئىجارىسى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك خىراجىتىگە كېتىدىغان نەچچە مىليون دوللار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا). ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر ختاي ھۆكۈمىتى نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ختايغا قارشى پىكىردىكى پروفېسسورلارنى ئىشلەتكەنلىكىگە ياكى مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەردە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ تەنقىدلەنگەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرسە، نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ بەزىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مۇشۇ خىل ئەھۋاللار راستلا يۈز بەرگەن.

كالىفورنىيە شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركېلېي (berkeley) شۆبىسىدە ئوقۇۋاتقان ختاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپلۈكتە ئامېرىكادىكى بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مەكتەپتە بىر پروفېسسورنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ئۇ بىر قېتىم ختاي باش كونسۇلىنىڭ مەكتەپكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغان.

كونسۇل جاۋابەن: «ھېچ ئىش ئۈچۈن» دېگەن.

بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان پروفېسسور كونسۇلنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ھويلىسىغا جۇغلىشىپ قالغان بىر توپ ختاي ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى كۆرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ختاي ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ۋەتىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، «ھەممىمىزنىڭ كۆزى سىلەردە، سىلەر چوقۇم قاتتىق تىرىشىپ، ۋەتەنگە ساداقەت بىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك» دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان.

بەلكىم كۆپچىلىك «ختاي ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكاغا ئوقۇشقا كەلسە، ئەركىن مەدەنىيەتنى ھېس قىلىشى، بۇ يەردە پىكىرىي، دىنىي ۋە سىياسىي ئەركىنلىككە ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىغا، بۇ ئەركىنلىكلەرنىڭ ختايدىكىدەك بېسىمغا ئۇچرىمايدىغانلىقىغا شاھىت بولۇشى ۋە شۇنىڭ تۈرتكىسىدە ختايدا ختاي كومپارتىيەسىگە قارشى سادالار مەيدانىغا كېلىشى مۇمكىنغۇ؟» دېيىشى مۇمكىن.

لېكىن، شۇنىسى تولىمۇ روشەنكى، دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىسالدىكى (ئوقۇغۇچىلارغا ۋەز ئېيتقان خىتاي كونسۇلى)دەك سىياسىي جاسۇسلارنىڭ توختىماي ۋەزخانلىق قىلىشى سەۋەبلىك، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى دېموكراتچى، ئۆكتىچى خىتايلارنى تۈركۈملەپ تەربىيەلىيەلمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكادىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن بەك ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتمەسلىك، خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەسلىدىنلا خەلقنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا خۇشتار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلارنى بىر - بىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇشقا ۋە بايقىغانلىرىنى دوكلات قىلىشقا بۇيرۇشىمۇ تۇرغانلا گەپ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ يىغىلىش ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى دېگەندەك ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايلا قالماستىن، ئۆز ۋەتىنى (خىتاي)نىڭ مۇستەبىت تۈزۈلمىسىنىڭ بېسىمى ئۇلارنى (ئامېرىكادىمۇ) سايىدەك ئەگىپلا يۈرىدۇ. يېقىنقى يىللاردا، خىتاي كومپارتىيەسى يەنە ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، سانلىق مەلۇمات توپلاش سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، پۇقرالارنىڭ قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىپ، جازالاپ، مۇكاپاتلاۋاتقان بولغاچقا، رەقەملىك كۆزىتىش تېخنىكىسىنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللىشىشىغا ئەگىشىپ، چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە پائالىيەت قىلىشى ئۇلارنىڭ ۋەتەندە قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ جازاغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇشى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار شۇ سەۋەبلىك ئۆزلىرىگە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىنمۇ مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

بېيجىڭ دائىرىلىرى چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان بۇ خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ياردەمچى تېگىدىغان قورال دەپ قارايدۇ. ئامېرىكادا خىتاي بىلەن تەيۋەندىن كەلگەن، خىتايچە سۆزلىشىدىغان 45 مىليون ئىنسان بار. بۇ خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلتىزى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىدۇر. شۇنداقلا، خىتاي كومپارتىيەسىمۇ بۇلارنى جەلب قىلىش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىپ كەلمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن، بۇ كىشىلەر بىرەسىمي، لېكىن ئىنتايىن كۈچلۈك بىر تور شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق، قانداشلىق، ئۆزلۈك ۋە دۆلەت تەۋەلىكى سەۋەبلىك بىر - بىرىگە باغلانغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسانلا تىزگىنلىگىلى بولىدىغان «قورال»لاردۇر. خىتاي كومپارتىيەسى مۇشۇ قورallاردىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش «غەيرىي ئەنئەنىۋى (ئۇچۇر) توپلىغۇچىلار»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، چەتئەلدە تۇغۇلغان خىتايلارنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەلدىكى دېپلوماتىيە ۋە ئىستىخبارات «مۈلكى»گە ئايلاندۇرغان. خىتاي كومپارتىيەسى «ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن پەردازلانغان مەنتىقە ئارقىلىق بۇ كىشىلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خىتاي كومپارتىيەسىنى ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەش، مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلاش، نامايىشلارغا قاتنىشىش قاتارلىق ئىشلارغا سالغان. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ ھەقتىكى «ۋەز»لىرى مۇنداق

ئىككى خىل: بىرىنچىسى، «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى»نى ۋە خىتاي بولۇشتىن ئىبارەت «شەرەپ»نى شىپى كەلتۈرۈپ، (ئامېرىكادىكى) خىتاي كۆچمەنلەرگە، «ۋەتەننى سۆيۈش»نىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدا پۇل تېپىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ۋەتەنگە ياردەم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتۇر.

مەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق سۈپىتى بىلەن بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە ئايروپىلان ئارقىلىق مىئامىغا كېلىپ، بىر يىغىنغا قاتناشقانىدىم. ئەتىسى بىز يەنە ئايروپىلان ئارقىلىق نيۇيوركقا ماڭدۇق. (خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى) خىتايلارنىڭ ھەممىسى ئايروپىلاننىڭ ئالدى تەرىپىدە، مەن ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغانىدىم. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خىتايچە سۆزلىشىدىغانلار ئىدى. يېنىمدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب بولۇپ، ئالىلىكىملەردىن قاتتىق تاياق يېگەندەك قىلاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى داكا بىلەن تېڭىۋالغان، يەنە بەزىلىرىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە تىرناق ئىزلىرى بار ئىدى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى (تاياق دەستىدىن) قارىداپ كەتكەنىدى. مەن يېنىمدىكى كىشىدىن خىتايچە «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدىم.

ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار فالۇن گۇڭچىلىرىدىن بولۇپ، مىئامىدا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئەزالىرىنىڭ ۋە شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكانى زىيارەت قىلىشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن، ئەمما بىر توپ خىتاي كۆچمەنلەر كېلىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ كەتكەن.

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئامېرىكانى زىيارەت قىلغان ۋە كىشىلەر بۇنىڭغا قارشى نامايىش قىلغاندا، ھەردائىم مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. شۇ جايدىكى خىتاي كۆچمەنلەر بىر تېلېفون بىلەنلا بىر يەرگە توپلىنىپ، زىيارەتكە كەلگەن خىتاي ئەمەلدارلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ يەنە (خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن) نامايىشچىلارنى «ئەمەلىي ھەرىكىتى» ئارقىلىق «ئەدەبلەپ» قويۇش «ۋەزىپىسى»مۇ بار. بۇ خىتاي كۆچمەنلەر ئاۋۋال نامايىشچىلارنىڭ ئەتراپىدا سىرتتىكىلەرنىڭ كۆرۈشىنى توسىدىغان «ئىنسان سېپىلى» شەكىللەندۈرىدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ دۇمبالايدۇ.

بىز بۇنىڭدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە، ھەتتا ئامېرىكادا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگىمۇ نە قەدەر قارشى ئىكەنلىكىنى تەكرار كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

**ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ھېكمەتيار ئىبراھىم**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ئوينىغان رولى

ئامار دىۋاكار

# ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ئوينىغان رولى

## ئامار دىۋاكار

ئەينى ۋاقىتتا ئالجىرىيە ئاياللىرى باتۇرلۇق بىلەن مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش قىلغان بولۇپ، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ئادالەتنى ياقىلايدىغان يېڭى بىر ئەۋلادنى شەكىللەندۈردى.

1956 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن بىر ياش ئايال ياۋروپا ياشلىرىنىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ئالجىرىيە قەھۋەخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايال قارىماققا ئادەتتىكى ئالجىرىيە ئەسللىك فرانسىيەلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالجىرىيەلىك  مۇسۇلمان ئىنقىلابچى زەھرا درىف (Zohra Drift) ئىدى.

ئالجىرىيەلىك ئايال ئىنقىلابچى زەھرا درىف فرانسىيە ئىشغالىيىتىگە قارشى زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە بىر قاتار تېرورلۇق ھۇجۇملىرىغا قاتناشقان ئالجىرىيەلىك ئۈچ مۇھىم ئايالنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى كېيىنچە گىللو پونتېكورۋونىڭ (Gillo Pontecorvo) 1966 ـ يىلدىكى ئالجىرىيەنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى (1954 ـ 1962) درامىملاشتۇرۇپ ئىشلىگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك فىلىمى «ئالجىرىيە ئۇرۇشى» بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ فىلىم ئىنقىلابىي ھەرىكەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، فىلىمدە ئاياللارنىڭ چۈمبەللىرى ئارقىلىق ئۈچۈر، نەق پۇل ۋە قورالارنى يوشۇرۇش، ھەمدە غەربچە كىيىملەرنى كىيىپ فرانسىيەلىكلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىغا پارتلاتقۇچ دورا قويۇش قاتارلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مۇستەملىكىچىنى قانداق ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. گەرچە ئۇلار 121 مىنۇتلۇق فىلىمدە يىغىپ ـ يۈگەپ 15 مىنۇت ئەتراپىدا جانلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ بۇ مەزگىلدە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتنىششى ئالجىرىيەنىڭ مۇستەقىللىق نامايىشىدىكى چوڭ ۋەقە ھېسابلىناتتى.

ئالجىرىيەلىك ئىۈسۇملۇكشۇناس، دورىگەر ۋە فىلىم ئىشلىگۈچى ۋىئامى ئاۋرېس (Wiame Awres) مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار ئازادلىق كۈرىشىگە قاتنىششقا تولىمۇ قىزىقىدۇ». ئۇ يەنە تۈركىيەنىڭ TRT World قا «ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش ئالجىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە قوغدىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. ئاياللار پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىيەلەيدىغان ۋە ئىجرا قىلالايدىغان ۋاكالەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە ئاتىلىق تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇلار ئالجىرىيە جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى كۆز قاراشنى ئىنقىلابقا ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەرگەن.

## ئىنقىلابىي ئۆيغىنىش يولى

ئالجىرىيەنىڭ 132 يىللىق ئىشغال قىلىنىشى جەريانىدا، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى فرانسىيە ۋە ئالجىرىيە ئەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي جەڭ مەيدانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ بەدىنىنى قورال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن بولۇپ، ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ فرانسىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئۇلار ئۆز شەرىپىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان ئالجىرىيەلىك ئەرلەرنىڭ غەيرىتىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. زاھىيا سالىھنىڭ (Zahia Salih) سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ بەدىنى «توپىلاڭچىلار مەھەللىلىرىدىكى ئەرلەرنىڭ سىياسىي پروگراممىلىرى يېزىلغان سىياسىي بەلگىلەر ۋە رايونلار» غا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بولسا ئاۋرىپس تەكىتلىگەندەك، ھەم مۇستەملىكىچىلىك، ھەم ئاتىلىق كەمسىتىشكە ئۇچرىغان ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئاياللار مۇقىم خىزمەتلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. جۈمبەل تاقاش ۋە ئائىلىدىكى يالغۇزلۇقنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاياللار ئالجىرىيە ئەرلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ باستۇرۇشلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى قوغدىغۇچى دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فرانسىيىلىكلەر مۇسۇلمان ئاياللارنى ئاتىلىق زۇلۇمىدىن «قۇتۇلدۇرۇش» تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئالجىرىيە جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان، بۇنىڭ ئىچىدە سېپىق نامى پۇر كەتكىنى جۈمبەلنى تاشلاش ھەرىكىتىدۇر.

مارتىنىك ئارىلىدىكى روھىي كېسەللەر دوختۇرى ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مۇتەپەككۇر فرانتز فانون (Frantz Fanon) ئۆزىنىڭ «يوقىلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئايالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇنى غەربچە قىممەت قاراشقا ئىگە قىلىش، ئاندىن ھازىرقى ھالىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈش لازىم. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئالجىرىيە ئەرلىرىنى تولۇق كونترول قىلىدىغان ۋە ئالجىرىيە مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىدىغان ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك ۋاستىلەردۇر».

1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى ئەڭ مەشھۇر بولغان خەلق نامايىشىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن پاجىئەلىك قىرغىنچىلىققا ئالجىرىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھەر دەرىجىلىك ئاياللار قاتنىشىپ، ئۇلارنى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئېلىپ كىرگەن. ئالجىرىيە تارىخچىسى بېنجامىن ستورا (Benjamin Stora) بۇ ھەرىكەتكە كىرىش جەريانىنى بايان قىلىپ، ئالجىرىيە ئاياللىرى مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتنىشىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىق ئورنىنى ئۆزگەرتىش» كە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنغان، دەيدۇ. ئازادلىق ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالجىرىيە ئاياللىرى ئالاھىدە

كۆزگە كۆرۈنۈپ، 1954 ـ يىلى قوراللىق كۆرەش پارتلىغاندىن كېيىن ئۇرۇش قەھرىمانى سۈپىتىدە يېڭى رولىلارنى ئالغان.

## چۈمبەل ۋە يوپكا

ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىششى ئەڭ كۈچەيگەن يىللار 1955 ـ يىللىرى بىلەن 1957 ـ يىللىرى ئارىسى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە نەچچە مىڭلىغان ئاياللار يېرىم ھەربىي، سېستىرا، ئاشپەز، ئىئانە توپلىغۇچى سۈپىتىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە ئالجىرىيە مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ (ALN) جەڭ شۆبىسى بولغان مىللىي ئازاتلىق فرونتىنى (FLN) ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن تەمىنلىگەن. ئاياللارنىڭ ئۇرۇشتىكى چىدامىلىق ئوبرازلىرىنىڭ بىرى بولسا پىدائىيلىق بولۇپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە شەھەرنى ئاساس قىلغان قوراللىق مىلىتارىستلار ۋە ئەركىنلىك جەڭچىلىرى مىللىي ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قابىلىيەتلىك جەڭچىلىرى ھېسابلىناتتى. بېشىدا ئىنقىلابقا قاتناشقان مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ قىرىق توققۇزى ئايال كىشى بولۇپ، ئىنقىلاب ئاخىرلاشقاندا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاياللارنىڭ سانى 10949 (ئون مىڭ توققۇز يۈز قىرىق توققۇز) غا يەتكەن.

ئالجىرىيە ئەسلىلىك فرانسىيەلىك فېمىنىست فاتىمە مەنسۇرى TRT World قا مۇنداق دېگەن: مىللىي ئازاتلىق فرونتىغا بولغان قوللاشنىڭ كۆپىنچىسى يېزا دېھقانلىرىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، بۇ ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەنە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە قورال توشۇش، يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش ۋە ئوق ـ دورا يىغىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، ھەتتا مەخپىي خىزمەتلەرنى قىلغان. شەھەر مەركىزىدە پىدائىيلارنىڭ رولى مىللىي ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، ئۇلار ئەپچىللىك بىلەن چۈمبەل ئىشلىتىپ قورال ۋە نەق پۇلنى مەخپىي توشۇش ئارقىلىق مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قولايلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە غەربچە كىيىنىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن تېزلا ئۆتۈپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن فرانسىيىلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا پارتلاتقۇچ دورىلارنى ئورناتقان.

مەنسۇرىنىڭ دېيىشىچە، باتۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ ئاياللار ئۆيدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. داجامىلا بوخىرېد (Djamila Bouhired)، دجامىلا بوباچا (Djamila Boubacha)، بايا خوچىن (Baya Hocine) ۋە باشقا ئاياللارنىڭ دەھشەتلىك قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىش ھېكايىلىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قىيىنچىلىقى توغرىسىدا خەلقئارانىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغان بولۇپ، سول قانات فرانسىيە زىيالىيلىرى سىمون دې باۋۋېيور (Simone de Beauvoir) ۋە ژان پائۇل سارترې (Jean Paul Sartre) فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

ئالجىرىيەدىكى ئەڭ داڭلىق ئايال ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرى بوخىرېد بولۇپ، ئۇ يىگىرمە ياش ۋاقتىدا مىللىي ئازاتلىق فرونتىغا قاتناشقان، كېيىن پىدائىي سۈپىتىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشقا

قاتناشقان. ئۇ 1957 ـ يىلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، رېيمس تۈرمىسىدە ئۇرۇش، كۆيدۈرۈش ۋە توكقا سوقتۇرۇش قاتارلىق جازالارغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان پائالىيەتلەر دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان. سۈرىيەلىك شائىر نىزار قاببانى ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر پارچە شېئىر يازغان. مىسىرلىق فىلىم ئىشلىگۈچى يۈسۈف چاھىن 1958 ـ يىلدىكى «جەمىلە» ناملىق فىلىمنى ئىشلەپ ئۇنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن.

جەڭچى ۋە يازغۇچى لۇئىسېتى ئىگىلاخرىز (Louisette Ighilahriz) ئازاتلىق فرونتىنىڭ تېز يوللانمىچىسى بولۇپ ئىشلىگەن يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئىنقىلابچى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرۇلۇق «ئالجىرىيە» ناملىق كىتاب يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئىگىلاخرىز ئايالارنىڭ ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشقانلىقى ۋە فرانسىيە ئارمىيىسى سادىر قىلغان قىيناش ھەققىدىكى دەھشەتلىك خاتىرىلەرگە گۇۋاھلىق بەرگەن. قەھرىمان ئاياللاردىن يەنە بىرى زەھرا دىرىف بولۇپ، ئۇ «ئالجىرىيە ئۇرۇشى» ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان. ئالجىرىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، دىرىف ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئالجىرىيە كېڭەش پالاتاسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

گەرچە ئالجىرىيە ئاياللىرى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئىنقىلاب ۋە مۇستەقىللىقتىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللىي فرونت بارلىق ئورگانلاردا ھوقۇقنى مۇستەھكەملىگەنلىكتىن، ئالجىرىيە ئاياللىرى قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن. ئاۋرېسنىڭ دېيىشىچە، ئالجىرىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغانلار ئاياللارنىڭ كۈرىشىگە خىيانەت قىلىپ، مۇتەئەسسىپ دۆلەت قۇرۇپ، ئائىلە كودى قۇرۇپ، ئاياللارنى ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا قىلىپ قويغان. ئۇ يەنە مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، 1965 ـ يىلى 8 ـ مارت خەلقئارا ئاياللار بايرىمى نامايىشىدا ئاياللارنىڭ قانداق قىلىپ ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن توپلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دىنىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي ئېكسپېدىتسىيە ۋە جەمئىيەتنىڭ چەتكە قېقىشىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

## ئۆتمۈشنى ئەسلەش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ مۇستەملىكە دەۋرىدىن مۇستەملىكىدىن كېيىنكى دەۋرگە يۈرۈش قىلىش تارىخىغا بولغان قىزىقىش جانلاندى. ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ كۈرەش ئارخىپى تۈرى 2019 ـ يىلى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئاۋېل خاۋتى (Awel) ۋە سائادىيا گاسېمدىن (Saadia Gacem) ئىبارەت ئىككى ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇ يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ خىلدىكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى خىزمەتدىشى فوتوگراف لىدىيا سەيىدى (Lydia Saidi) ئالدىنقى ئايدا بۇ تۈرگە قاتناشقان. خاۋتى ۋە گاسېم TRT World بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتە، بۇ تۈرنى ئالجىرىيە ئاياللار ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلارنى رەقەملەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، خەلق ئىشتىراك قىلغان، پۇقرالار باشچىلىقىدىكى بىر

تۇر دەپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، بۇ تۇر بولۇپمۇ 1962 ـ يىلدىن كېيىنكى ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئاياللارنىڭ سەپەرۋەرلىكى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى باش نىشان قىلغان. دەسلەپتە، ئۇلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاكى هازىرغىچە تونۇلمىغان ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە ئاياللار هوقۇقىنى قوغدىغۇچىلارنىڭ بىر يۈرۈش ئارخىپىنى توپلاشقا ئەهمىيەت بەرگەن.


ئۇلار بۇ تۇرنى هەم تەنقىدىي هەم مائارىپ جەهەتتىن «ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتا قۇرۇش» قا قاتنىششنىڭ يولى دەپ قىياس قىلغان. خاۋتى ۋە گاسىم ئالجىرىيەنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئارخىپنى قايتا جانلاندۇرۇشنى «سىياسىي هەرىكەت» دەپ قارىغان. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئايالار ۋە ئايالار كوللېكتىپىنىڭ خىزمىتىنى قايتا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلغان.

دەرۋەقە، بۇ ئايال ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ تارىخىي ئەسلىمىسى ۋە مىراسلىرى هازىرقى ئالجىرىيەدە داۋاملىق نامايان بولماقتا. بوخېرد، ئىگىلاخرىز ۋە دىرىف ئاممىۋى ئاكتىپچانلىقنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەچچە ئون يىل ئىلگىرى باشلىغان كۆرەشلىرى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا. ئۇلار نەچچە ئەۋلاد ئايالارنى ئۇلارنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن سىستېمىغا قارشى كۆرەش قىلىشقا ئىلهاملاندۇرغان بولۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن زور قۇربانلىق بەرگەن بۇ ئايالارنىڭ روهى ئالجىرىيە خەلقىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئازادلىق ئوتىنىڭ هاياتى كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ ئاۋرېس ئورتاقلاشقان هېسسىيات بولۇپ، ئۇ «ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بىزنىڭ كۈچ ۋە ئىلهام مەنبەيىمىز. بىزنىڭ هوقۇقىمىز تارتىۋېلىنغاندا ئۇلار بىزگە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ پەقەت جاپالىق كۆرەشنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**ئىنگلىزچىدىن ئاينۇر ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى**

مەنبە:

https://www.trtworld.com/magazine/the_role_of_women_in_the_algerian_independence_movement_37868




# «يول» ناملىق رومان ھەققىدە

ھەبىبۇللا ئابلىمىت

# «يول»ناملىق رومان ھەققىدە

**ھەبىبۇللا ئابلىمىت**

«يول» ناملىق رومان مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتكەن شانلىق ھايات يوللىرىغا بېغىشلانغان تارىخىي روماندۇر. بۇ رومانىنى مەن 2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ سەھەردىن 2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچكىچە بولغان ئارلىقتا، بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقتىم. مەندەك بىر تەبىئىي پەن كەسپ ئىگىسىنىڭ مۇنداق بىر تارىخىي رومانىنى يېزىپ چىقىشىمغا زادى نېمە تۈرتكە بولدى؟ مەن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا بويىچە شەرھىلەپ، رومان ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

1. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئانا ۋەتىنىمىزدە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ۋە «ئانا يۇرت»، «جاللات خېنىم» قاتارلىق تارىخىي رومانلار يېزىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىچقاپ كەتكەن تارىخىي ئىشتىھاسىنى قاندۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن مەنىۋىي دۇنياسىغا شىپالىق يامغۇر بولۇپ ياغدى. بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە، مىللىي روھىنىڭ تىرىلىشىگە ۋە ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىغا نەزەر تاشلاپ، ئۆز كىملىكىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن تەپەككۇر بوشلۇقىغا نەزەر سېلىشىغا ۋەسىلە بولغان ئىدى. ئەپسۇس ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئۇزۇنغا بارمايلا خىتاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي، تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە دىنى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مائارىپى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ئۇيغۇر مىللىتى بۇ دۇنيادىن تەل ـ تۆكۈس يوقۇلۇش تەھدىتى ئاستىدا جان تالىشىش گىردابىغا كېلىپ قالدى. خىتاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈچى بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ كۆز نۇرى بولغان زىيالىيلىرىمىزنى، ئۆلىمالىرىمىزنى، يازغۇچى، تارىخچى ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنى تۈركۈملەپ قاماقلارغا تاشلاپ، پۈتۈن بىر مىللەت ئۈستىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە. بىر مىللەتنى يوقۇتۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى، تىل ـ ئەدەبىياتىنى، دىنىي ئېتىقاتىنىن ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىي يوقۇتۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى ئالدى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ تارىخىغا، تىل ـ ئەدەبىياتىغا، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقاتىغا ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ كەچمىشىمىزگە تۇتاشقان يولىمىزنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېپ تاشلاپ، ياش ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ئاچقان تۇيۇق يولىغا باشلاپ، يېڭى بىر ئەۋلاتنى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا. نۆۋەتتە شۇ ئۈزۈۋېتىلگەن تارىخىي يوللارنى ئۇلاش ۋە ئۇ يوللارنى داۋاملاشتۇرۇش ۋەتەن سىرتىدىكى يازغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپە بولۇپ قالدى. بۇ مېنىڭ «يول» رومانىنىنى يېزىپ چىقىش سەۋەبىمدىن بىرىدۇر.

2. بۇ رومانىنى يېزىشتىكى يەنە بىر سەۋەب بولسا، ۋەتەن ئىچىدە بۇرۇن يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن تارىخىي رومانلارنى يېزىشقا ئىمكانلار بار بولغان بولسىمۇ، ئەمما مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىن ۋە مەسئۇت سابىرى بايقوزىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئەپەندى ھەققىدە كىتاب يېزىش

ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېغىزدىن چىقىرىشنىڭ ئۆزى بىر جىنايەت ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۈچ ئەپەندى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مۇھىم شەخسلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىردىن مەنۋى ئابىدە تىكلەش ۋەتەن سىرتىدىكى يازغۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ چەكلىك ئىمكانلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە تىرىشىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن قولىغا قورال ئېلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئىنقىلاپ قىلغان، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز تارىخىمىزنى يازغان ۋە خىتاي زىيالىرىلىرى بىلەن قەلەم كۈرىشى قىلغان ھەمدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئۇلىنى سالغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى ئۈچۈن بىر ئۆلمەس ئابىدىنى مىللىتىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ «يول» ناملىق تارىخىي رومانىنى يېزىپ چىقتىم.

3. بۇ رومانىنى يېزىپ چىقىشتىكى مۇھىم سەۋەپلەردىن يەنە بىرى بولسا، نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئېغىر خىرىسقا، كىرزىسقا دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇنداق تارىخىي بۆھراندا ئۇيغۇر ئانا تىلىدا بىر تارىخىي رومانىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇنچىلىك پاساھەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلنىڭ مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ تىل ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چەتەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا قايتا جانلادۇرۇپ، يېڭى نەسىل سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرۇشنى ئارزۇلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ روماندا ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىينىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئۈزۈندىلەر، ماقال-تەمسىللەر، شېئىرلار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەنە شۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردەك تولۇق پايدىلىنىپ رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتىم.

«يول» ناملىق بۇ رومان تارىخىي روماندۇر. تارىخىي رومانىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ كىتابخانلار ئەڭ قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەزى كىتابخانلارنىڭ تارىخىي رومان ھەققىدىكى نەزەرىيۋى چۈشەنچىسى تېخى تولۇق ئايدىڭلىشىپ كەتكىنى يوق. ئەكبەر ئەمەت ئەپەندىمنىڭ «تارىخىي رومانلاردىكى تارىخىيلىق ۋە بەدىئىيلىك» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:«تارىخىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىيلىك بىلەن تارىخىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ناھايىتى مۇھىم. تارىخىي رومانىنى تارىخنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىۋېلىش ۋە تارىخىي رومان يازغۇچىسىنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنىڭ مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان ساداقەتمەنلىكى نۇقتىسىدىن ئۆلچەش ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي ئەسەرلەرگە بولغان تەلىپى ۋە زوقلىنىشى دەرىجىسىگە تەسىر يەتكۈزىۋاتىدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ تارىخىي رومانلاردىكى تارىخنىڭ چىنلىقى بىلەن يازغۇچى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ توقۇپ چىققان بەدىئىي توقۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشۈنىشى كېرەك. مەلۇم تارىخىي دەۋردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بەدىئىي بىر ئۇسلۇپتا تەسۋىرلەش ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ۋە شۇ دەۋر خەلقىنىڭ پسىخىكىسىنى، ئۆرپە-ئادەتلىرىنى جۈملىدىن ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن رومان تارىخىي رومان دەپ ئاتىلىدۇ. رېئالىستىك ئىجتىمائىي رومان بولسا پەقەت ئۆز دەۋرىنىڭلا رېئال ئومۇمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا تارىخىي رومان يازغۇچىسى ئۆزىنىڭ تارىخىي بىلىملىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، تارىخىي مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ خۇددى رېئالىستىك ئىجتىمائىي رومانلاردا

بولىدىغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ تارىخىي روماننى روياپقا چىقىرىدۇ. تارىخىي رومانلاردىكى تارىخىي شەخسلەر بولسۇن ۋە ياكى يازغۇچى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرىدىكى خاسلىق، بايان، تىل ۋە تەسۋىرلەر رېئالىستىك ئىجتىمائىي رومانلاردىكىدەك شۇنداق مۇھىم بولىدۇ. شۇڭا تارىخىي رومانغا باھا بېرىشتە يازغۇچىنىڭ ئاشۇ بەدىئىي ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بەدىئىي سەۋىيەسىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ تارىخىي رومان يازغۇچىسى تارىخىي پاكىتلارنىڭ ھەممىسىگە قاتمال ھالەتتە سادىق بولۇشى ھاجەت ئەمەس دەپ قاراش كېرەك. چۈنكى تارىخىي روماننىڭ غەلىبىلىك يېزىپ چىقىلىشى ئۈچۈن يازغۇچى تارىخىي مەنبەلەر ئاساستا ئەركىن پائالىيەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا تارىخىي رومان يازغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئېسىل تارىخىي رومانلارنى يېزىپ قالدۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي رومانلاردىكى بايانلارنى تارىخنىڭ دەل ئۆزى دەپ قاراپ، يازغۇچىدىن تارىخقا خۇددى تارىخچىدەك سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش نامۇۋاپىتتۇر. تارىخىي رومان يازغۇچىسىنىڭ تارىخقا بولغان ساداقىتى، تارىخچىنىڭ تارىخقا بولغان ساداقىتىدىن پەرقلىق بولىدۇ. تارىخچى تارىخىي خاتىرلەر ۋە يازمىلار ئۈستىدىن سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەنتىقىلىق تەپەككۇرىنىڭ كۈچى بىلەن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يېزىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا تارىخىي رومان يازغۇچىسىنىڭ يەلكىسىگە تارىخچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەشكە بولمايدۇ. تارىخىي رومانىدىكى بەدىئىي توقۇلمىلار، تارىخچىنىڭ تارىخنى ئەينەن تەسۋىرلەش مېتودىغا زىت كېلىدۇ. ئەمما ئەنە شۇ بەدىئىي توقۇلمىلار تارىخىي روماندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىلا تارىخىي رومان شۇنچىلىك قىزىقارلىق، جەزىبىدارلىق بولۇپ روياپقا چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپلا قالماي يەنە تارىخىي تۇيغۇسىنى ئويغۇتۇپ، مىللىي روھنىڭ تىرىلىشىگە تۈرك بولىدۇ. مەسىلەن يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ تارىخىي رومانى «ئويغانغان زېمىن»نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ توققۇزىنچى بابىدىكى «جىرجىس ھاجى» دېگەن قىسمىدا ئاپتور تارىختىكى جىرجىس ھاجى بىلەن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەسلى ئۇچراشمىغان تارىخىي ۋەقەلىكىنى ئۇچراشقان ۋەقەلىك قىلىپ توقۇش ئارقىلىق ۋە جىرجىس ھاجىنىڭ خوجانىياز ھاجىمغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق بايان قىلىش ئارقىلىق، روماننىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتەرگەن ۋە شۇ دەۋرنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇرەككەپ تارىخىي رېئاللىقىنى كىتابخانلارغا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. يازغۇچى پەرھات جىلان ئۆزىنىڭ «مەھمۇد كاشغەري» ناملىق رومانىدا پەيلاسوپ ئىمام غەزالىنى باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ ۋە مەھمۇد كاشغەرى بىلەن ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن قىلىپ بايان قىلىدۇ. ھەمدە ئىمام غەزالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:«ئۇ بوي ـ تۇرقى چاققانغىنا كەلگەن، ساقال ـ بۇرۇتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەن خۇش چىراي ۋە يېقىملىق كىشى ئىدى. بېشىغا يوغان مۇدەررىسلىك سەللىسىنى ئوراپ، پەتتىسىنى مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆكرىكىگە چۈشۈرۈۋالغان، پەشلىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغۇدەك ئۇزۇن كۆك تونى ئۈستىدىن ئاق شايى يەكتەك كىيگەن بۇ ھۆرمەتلىك زات ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى....». ئەگەر بىز تارىخنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق

ئەينى چاغدا ئىمام غەزالى ئاران ئون تۆت ياشقا كىرگەن بالا ئىدى. ئەمما يازغۇچى ئىمام غەزالىنى ئاتمىش ياشلاردىكى بىر مويسىپىت قىلىپ تەسۋىرلەش، ھەمدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يېقىن دوستى قىلىپ بەدىئىي توقۇلمىنى توقۇپ چىقىش ئارقىلىق ئىمام غەزالىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك پەيلاسوپ توغرىسىدىمۇ كىتابخانىلارغا ئۇچۇر بېرىپ ئۆتۈپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان ۋە ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ يۇقۇرى پەللىگە كۆتەرگەن. يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق مۇھىم بىر نۇقتا باركى، ئۇ بولسىمۇ تارىخىي روماندىكى تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ تارىخىي پېرسوناژغا خاس، ئەينى چاغدىكى تارىخىي دەۋردە شۇ شەخس شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان دەپ قارىۋېلىش يەنىلا مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى تارىخىي رومان يازغۇچىسى ئۆزىنىڭ تارىخىي رومانلىرىدا تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ تېپىلەشتۈرۈش ۋە تىرىك، جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ توقۇپ چىققان توقۇلمىلاردا ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى شۇ تارىخىي پېرسوناژنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئىبارىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ جۈملە ۋە سۆزلەر شۇ تارىخىي پېرسوناژنىڭ ھەقىقىي ئۆزىگە خاس بولغان جۈملە ياكى سۆزلەر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جۈملە ۋە سۆزلەرنى ۋە ياكى توقۇلما ۋەقەلەرنى خاتا ھالدا شۇ تارىخىي پېرسوناژغا خاس دەپ چۈشۈنىپ قالماسلىقى لازىم. شۇڭا يۇقۇرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، تارىخىي رومان يازغۇچىلىرى رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن بەزى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىغا قاتمال ھالەتتە سادىق بولۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ تارىخىي كىتابلار بىلەن تارىخىي رومانىنىڭ تۈپ پەرقىدىن ئىبارەت. شۇڭا مەنمۇ «يول» ناملىق رومانىمدا يىگىرمىدىن ئوشۇق تارىخىي پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە يەنە سەككىزگە يېقىن بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتىم ۋە نۇرغۇن بەدىئىي توقۇلمىلارنى توقۇدۇم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «بۆرە ئوغلى»، «يەتتە قىز»، « نورۇز قىزى» قاتارلىق توقۇلما رىۋايەتلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق، رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، مەزمۇنىنى بېيىتىش ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە تىرىشتىم، ھەمدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادەك مەشھۇر بىر تارىخىي شەخسنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى كىتابخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم. بولۇپمۇ مەن ئەينىي چاغدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي بىر ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەش ۋە پۈتۈن تىل قابىلىيىتىمنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ مىللىي روھىنى تىرىلدۇرۇشكە ۋە ئۇنى تېخىمۇ يۇكسەك باشقۇچقا كۆتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئەگەر مەن بۇ روماندىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بەدىئىيلىكى تۆۋەن، بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلمىغان ئاساستا پەقەت شۇ تارىخنى ئاساس قىلىپ ئاخبارات تىلى بىلەنلا بايان قىلغان بولسام، بۇ رومان بەلكى شۇ دەۋردىكى تارىخلار يېزىلغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولار ئىدى.

«يول» ناملىق بۇ تارىخىي رومان قۇرۇلما جەھەتتىن ئون ئىككى بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر بابنىڭ بېشىغا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى شېئىر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئۆزۈندىلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋە روماندا قوللىنىلغان ماقالە ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن بولۇپ 100 دىن ئوشۇق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 60 تىن ئوشۇق ماقال ـ تەمسىللەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئېلىنغان. مەن مەخسۇس مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مىراسى بولغان شائىانە ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئازراق بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئۇچۇر

بېرىشنى مەقسەت قىلدىم ۋە كۆمۈلۈپ قالغان تىل بايلىقىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ تىل ئىستىمالىدا كەڭ قوللىنىشنى مەخسەت ۋە نىشان قىلدىم.

مەن بۇ روماندا يەنە ھەر بىر بابنىڭ باش جۈملىسىنى «يول» دېگەن سۆز بىلەن باشلىدىم ۋە رومانىنى «يول» دېگەن سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم. بۇنداق ئۇشۇۋقچە ئەجىر قىلىپ، ئىزدىنىشىمدىكى سەۋەپ بولسا رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى يەنە بىر بالداق يۇقۇرى كۆتۈرۈشنى مەخەت قىلغانلىغىمدىندۇر. مەن ئەنە شۇنداق قابىلىيىتىم يېتىدىغان بارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق روماندا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇرەپكەپ سىياسى ۋەزىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىمۇ تونۇشتۇرۇپ چىقىش مەقسىتىگە يەتكەن بولدۇم.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخى ئوقۇمىغان كىتابلىرى ۋە خەۋەردار بولمىغان تارىخلار نۇرغۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تېخى قەلەمگە ئالمىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى تارىخىي رومان قىلىپ يېزىپ چىقىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا سۇنۇش ۋە بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىش مۇھاجىرەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى بىز بۇ ئارقىلىق بىر جەھەتتىن خەلقىمىزنى ئۆز تارىخى بىلەن يۈزلەشتۇرسەك، يەنە بىر جەھەتتىن ئانا تىلىنىڭ مەڭگۈ يوقالماي ئەبەدىي بىزنىڭ تىلىمىز بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوقۇرمەنلەرنى تارىخ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا باغ قۇرغۇزۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ۋاستە بولالايمىز. ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن، ئۆتمۈشى بىلەن باغلىنىشى يوق مىللەتنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولمايدۇ. بىز كېلەچەككە قانداق قەدەم تاشلاشنى بىلمىسەك، ئۇنداقتا ئۆتمۈشتە قانداق يوللارنى ماڭغانلىقىمىزغا قارىشىمىز كېرەك. بىز تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان يولنىڭ يولچىسى بولالايمىز. تارىخىي رومانلارنى كۆپلەپ يېزىش نەتىجىسىدە مۇھاجىرەتتىكى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرك بولالايمىز. مىللىي ئەدەبىياتى راۋاجلانمىغان مىللەتنىڭ روھى زەيىپ كېلىدۇ، روھى زەيىپ بولغان مىللەتتە ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈسى بولمايدۇ. چۈنكى مىللىي ئەدەبىيات شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ روھىغا خىتاپ قىلىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەتىنى، تارىخىنى، پىسخىكىسىنى، قىممەت قارىشى، پەلسەپەسىنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى، ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىستېتىك بىر شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان سەنئەت. بولۇپمۇ بىزدەك ئاسارەت ئاستىدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي ئەدەبىيات قاراڭغۇ تۈندىكى بىباھا چولپان. بىز پەقەت مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا ئۆز خەلقىمىزنى ئويغىتالايمىز، ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇتالايمىز، ئۆلارنىڭ ئېڭىغا خىتاپ قىلىپ تۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىتالايمىز. شۇڭا مىللىي ئەدەبىيات بىزگە ھەم تارىخىي بىلىملەرنى ئۆگەتسە، ھەم سىياسەت ئۆگىتىدۇ[1]، شۇنىڭدەك بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىزنى جەڭگىۋار بىر قوشۇن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. دېمەك ئەدەبىيات دېمەك — تارىخ دېمەك، سىياسەت دېمەك، پەلسەپە دېمەك، يىغىپ ئېيتقاندا ئەدەبىيات دېمەك ھايات دېمەكتۇر. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ

---

[1] ئاپتورنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىغا ۋە پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئامالسىز قالمىغۇچە سۆز-جۈملىلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىككە تىرىشتۇق.

تەخداشسىز بەدىئىي ئوبرازلىق كۈچى بىلەن، بۇ هاياتتىكى كۆزىمىزدىن ساقىت بولغان روجەكلىرىنى يورۇتۇپ، قايتا جانلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرغا چىقىرىدۇ. ئەدەبىيات بىزگە تارىخنى ئۆگەتتى، ئەدەبىيئات بىزگە سىياسەتنى ئۆگەتتى. ئەدەبىيات بىزنىڭ پىسخىكمىزنى ياشلاپ، چىدام غەيرەتلىك بولۇشقا ئۈندەپ، يولىمىزنى داۋام قىلىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر مۇھاجىرەتتىكى مىللىي ئەدەبىياتىمىز بىزنىڭ شىكەستىلەنگەن يارىلىرىمىزغا مەلھەم بولۇپ، روھىمىزنىڭ سۈنماي مەڭگۈ تىرىك تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلمەكتە. ئۆزىمىزنىڭ شانلىق ۋە تىراگېدىيەلىك تارىخ يوللىرىمىزنى يورۇتماقتا. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا ئۆزىمىزنى تولۇق كۆرەلەيمىز، ئۆز ئۆزىمىزنى تولۇق تونۇپ يېتەلەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي روھىنىڭ چاقناپ تۇرغانلىغىنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزدەك جاھان ئەينىكىدىن ئىنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇھاجىرەتتىكى مىللىي ئەدەبىياتقا ھېچ بىر زامان سەل قارىماسلىقىمىز، ئۇنىڭ زاۋاللىقا يۈزلىنىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس داۋاسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارىمايدىكەن، ئۇنداقتا بىز ئۇزۇنغا بارماي ئۆز ئانا تىلىمىزدىن، ئۆز مەدەنىيەتىمىزدىن ئايرىلىپ قىلىپ، ئۆز كىملىكىمىزنى يوقاتقان بولىمىز ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىمىزنىڭ داۋاسىنى قىلىدىغان ئادەم تاپالماي قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئانا ۋەتەندە ئۆز مىللىي ئەدەبىياتى ئۈچۈن قاراڭغۇ زىندانلاردا يېتىۋاتقان ۋە ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغان ئەزىزلىرىمىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئەڭ چوڭ خاتالىقنى سادىر قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدا قولىدا قەلەم تۇتۇشنى بىلىدىغانلا كىشى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك ۋە بۇ كۈرەشلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قىلىۋاتقان داۋانىڭ بىر پارچىسى دەپ بىلىشى لازىم. يەنە بۇ يولدا ئەدەبىياتنى پۈتۈنلەي سىياسەتلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر ئەدەبىيات پۈتۈنلەي سىياسەتلىشىپ كەتسە ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ سەنئەتكە خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقى رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەدەبىياتنى سىياسىيلەشتۈرمەي، سىياسەتنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى تېخمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىشىمىز ۋە ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن داۋا يولىدا يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرىمىزنى تېخمۇ كۈچلەندۈرۈشنىڭ يولىنى قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا رومان ۋە ھېكايىلەرنى يازغاندا نوقۇل ھالدا ئاخبارات تىلىنى قوللانماي، ئەدەبىي تىل ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى تېخمۇ تېپىكلەشتۈرۈپ، پېرسوناژلارنى تىرىك، جانلىق تەسۋىرلەپ، بەدىئىي كۈچىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مىللىي روھنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەي ھايات قېلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

ۋەتەن ئىچىدە تاكى 2015 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلدى ۋە بۇ يولدا زور بەدەللەرنى تۆلىدى. ئەمدى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە ۋەتەن سىرتىدىكى ئەدىبلەرنىڭ زىممىسىغا يۈكلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدىكى يازغۇچى ۋە شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بۇرچىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ مەسئۇلىيەتنى دادىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. يازغۇچى ۋە شائىرلار ئۆزى ئىگە بولغان بىلىم، قابىلىيەت، ئىستىدات ۋە مىللىي روھ بىلەن ئۆزىنىڭ قولىدىكى قەلىمىنى قورال قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كۈچى بىلەن ئاچقان يولدا مېڭىپ، مۇشۇ دەۋردىكى مىللىتىمىزنىڭ

تەقدىرى، ئېڭى، مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن يېڭى يول ئېچىشى كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنىڭ جان تومۇرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ سېھرى كۈچىنىڭ بۇقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئۇنىڭ تارىختىن بۇيان تەۋرەنمەس بىر ھەقىقەت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىندۇر. ئەلۋەتتە بۇ رېئاللىقتا ھېچكىممۇ كۆز يۇمالمايدۇ. بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پاك مىللىي روھى، مىللەتنىڭ ۋە جەمىيەتنىڭ ۋۇجۇدۇدىكى ئەزىز جېنى ۋە بىر مىللىي مەسئۇلىيەت، مىللەتنىڭ ئىگىسى. دېمەك ئەدەبىيات يەنە بىر مەنادىن ئېيتقاندا چىن ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ يازغۇچى ۋە شائىرلىرى شۇ دەۋرنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرەلەيدىغان ۋە دەۋر ئۆزگىرىشلىرىنى پەرق ئىتەلەيدىغان پەرق ئىتىش تۇيغۇسى يۇقىرى، مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە ئاۋانگارت قوشۇندۇر. ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن بىر مىللەت ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ مىللەت ۋە جەمئىيەتنى مەنىۋى كىرزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مەنىۋى كۈچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي مىللىتى ئەڭ كىرزىسقا دۈچ كەلگەن دەۋردە، خىتاي مىللىتىنىڭ تېنىنى داۋالاشتىن بەكراق، روھىنى داۋالاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي يازغۇچىسى لۇشۈن ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىنى تاشلاپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان ۋە نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىيات سەنئەت مىللىي روھنىڭ پارلاق ئۇچقۇنى، شۇنداقلا مىللىي روھنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مەشئەل. بۇلار خۇددى كۈنجۈت يېغى كۈنجۈتتىن چىقىرۋېلىنغىنىغا، ئەمما كۈنجۈتكە يەنە ياغ ئارلاشتۇرسا كۈنجۈتنىڭ تېخىمۇ ياغلىق بولغىنىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە سەۋەپ نەتىجە بولىدۇ.» دېمەك، ئەدەبىيات بىلەن مىللىي روھ ھېچ بىر زامان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس. بىرسى بولمىسا بىرسى مەۋجۇتلىقىنى يوقىتىدۇ. مىللىي ئەدەبىيات راۋاجلانسا مىللىي روھمۇ كۈچلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مىللىي روھقا ئىگە قورقماس پىداكارلار بولمىغان يەردە ھەقىقىي مىللىي ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ.

2020 ـ يىلى 14 ـ ئاپرىل، گېرمانىيە



# مۇستەملىكىدىكى ئاڭ ۋە ئىپادىلىرى

## مۇستەملىكىدىكى ئاڭ ۋە ئىپادىلىرى

بىر زامانلاردا، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىدىن پەخىرلىنىپ، «ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىدە قۇياش پاتمايدۇ» دەپ ماختىناتتى.

ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە، «مۇستەملىكىچىلىك» سەلبىي سۆزگە ئايلاندى. ھازىر «مۇستەملىكىدىن كېيىنكى دۇنيا» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىش مودا.

ئەمما، مۇستەملىكىچىلىك توغرىسىدا، فرانتز فانون (Frantz Fanon) ۋە پاۋلو فرېير (Paulo Freire) قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە مۇرەككەپ بىر نۇقتا شۇكى، مۇستەملىكە نوقۇل ھالدا سىياسەت ۋە ئىقتىسادىنلا ئەمەس، بەلكى ئاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، قىلغان ھەر بىر ئىشىمىزدىمۇ مەزكۇر رايون (ئوتتۇرا شەرق)دىكى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىز بۈگۈن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلغىنىغا 60 يىلدىن ئاشقانلىقىغا قارىماي، «مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئاڭ» (كۇلتۇرەل ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ ئىچكىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ) نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇق، دېسەك خاتالاشقان بولىمىز.

تارىختا، ئەنگلىيە دۇنيانىڭ توقسان پىرسەنتكە يېقىن جايلىرىغا تاجاۋۇز قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى، شۇنداقلا سۇدان ۋە مىسىر قاتارلىقلارمۇ بار. شىمالىي ئافرىقا ۋە لېۋانتقا كەلسەك، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ كۆپ قىسمىدا، بۇ رايوننى كونترول قىلغانىدى. 1962 ـ يىلى ئالجىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگىمۇ خاتىمە بېرىلدى.

بىز شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىمىزنى «مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش» (decolonization) باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تاراتقۇلارنىڭ باش بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقان «ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكى» بەلكىم بىزنىڭ ئۆز روھىيىتىمىز ھەققىدە ئويلىنىشىمىزدىكى ئەڭ ياخشى پەيت بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئېدۋارد سەيد (Edward Said) ۋە فرانتز فانونغا ئوخشاش سەرخىل «مۇستەملىكىدىن كېيىنكى دەۋر» مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىنى ۋاراقلاپ باقمىغان بولسىڭىز، بىز سىزنى بۇ جەھەتتە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدىغان قىسقا تىزىملىك تۈزۈپ چىقتۇق.

سىزدە «مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئاڭ» بارلىقىنىڭ يەتتە تۈرلۈك ئالامىتى:

1. تېرىڭىزنىڭ قوڭۇرلىشىپ (قارىداپ) كېتىشىنى خالىمايسىز

ئوتتۇرا شەرق بىلەن شىمالىي ئافرىقىمۇ دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ئوخشاشلا مۇستەملىكە قىلىنغان. مەزكۇر رايوندا، مۇستەملىكە دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە «تەن رەڭگى

ئايرىمىچىلىقى» (Colourism)نى ساناش مۇمكىن. ئەرەب دۇنياسى ئۆزىنىدىن بۇيان «ياۋروپا مەركەزچىلىك ئىدىيەسى»نىڭ قۇربانى بولۇپ كەلدى. مەزكۇر ئىدىيە (يەنى «ياۋروپا مەركەزچىلىك ئىدىيەسى»)نىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ رايوندىكىلەر تېرىسىنىڭ رەڭگىنىڭ قېنىقلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاپتاپتىن قاچىدۇ. يەنى بۇ يەردە تېرىسىنىڭ ئاق بولۇشىنى ئارزۇلاش خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال.

2. يەرلىك مەدەنىيەتلەرنى ياخشى كۆرمەي، باشقىلار (سىزنى مۇستەملىكە قىلغۇچىلار)نىڭكىنى ياخشى كۆرىسىز.

ئامېرىكا كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرىدە دۇنيا بويىچە باشلامچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ياۋروپانىڭ كۇلتۇرەل پائالىيەتلىرىمۇ دۇنيا مىقياسىدا زور تەسىرگە ئىگە. ئەمما، بارلىق ئەرەب (بىز ئۈچۈن ئۇيغۇر) كۇلتۇرەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ قارىقۇيۇق رەت قىلىنىشى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ خاسسىزلاشتۇرۇلۇشىدىن (homogenization)دىن مەنبەلەنگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ (يەنى مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلارنىڭ) ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرۈشىمىزگە شارائىت ھازىرلايدۇ.

3. سىز ئىنگلىزچە ياكى فىرانسۇزچە سۆزلىشەلەشنى «مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئۈستۈن»لۈك دەپ قارايسىز.

بەلكىم سىز غەربتە ئوقۇغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىنگلىزچە سۆزلىشىڭىز، ياكى ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنياۋى تىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى سەۋەبىدىنلا بۇ تىلنى ئۆگەنگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ ئەرەب تىلىنى (بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى) تۆۋەن كۆرۈشىڭىزگە ھېچقانداق سەۋەبىڭىز يوق. ئەگەر سىز شۇنداق قىلغان بولسىڭىز، بۇ كۆپىنچە ھاللاردا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ (خىتايمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دائىم ئۆز تىلىنى «تېخىمۇ ئەۋزەل» دەپ داۋراڭ سېلىشى (مېڭە يۇيۇشى)، ھەتتا غەربچە (بىزگە نىسبەتەن خىتايچە) تەربىيەلەنگەن يەرلىك «سەرخىل»لارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق (مۇستەملىكىچىلەرنىڭكىدىن) باشقا تىللارنىڭ ئىككىلەمچى، ئەرزىمەس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇقۇمنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈرۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن (يەنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تىلىدا مائارىپ تەربىيەسى ئالغان بۇ تېپىتىكى «سەرخىل»لارنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇشى، مۇستەملىكە ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كۇلتۇرىنىڭ شۇ زېمىندا داۋاملىشىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ، بۇگۈنكى مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە رۇس تىلى ۋە رۇس كۇلتۇرىنىڭ قانچىلىك ۋەزنى بارلىقى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالىشى مۇمكىن، ت). فانون «يەرشارىدىكى بىتەلەيلەر» (Wretched of the Earth) ناملىق ئەسىرىدە بۇ تېمىدا ناھايىتى تەپسىلىي توختالغان.

4. تەبىئىي چاچلىرىڭىزنى ۋە بۇرنىڭىزنى ياقتۇرمايسىز

بۇنىڭدىن سىرت، مۇستەملىكىچىلىككە ئەگىشىپ، چاچنىڭ (بۇدۇر ئەمەس) تۈز بولۇشى ۋە بۇرۇنىنىڭ قاڭشارسىز، ئۈچى يۇقىرىقىغا ئىلمەكرەك كەلگەن بولۇشى قاتارلىق ياۋروپاچە

ئالاھىدىلىكلەر يەر شارىدا «گۆزەللىك ئۆرنىكى» قىلىنىشقا باشلىدى. گەرچە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چاچنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاش دولقۇنى قوزغالغان بولسىمۇ، ئەمما كېراتىن (keratin) ۋە باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق چاچ تۈزلەش ئۇسۇللىرى ۋە بۇرۇننى (يۇقىرىدا سۆيەتلەنگەندەك) «ياۋروپاچىلاشتۇرۇش» ھېلىھەم شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە يەۋقۇلئاددە ئومۇملاشقان.

### 5. ياۋروپالىقلار (بىز ئۇچۇن خىتايلار)نىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا بولۇشى بىز ئۇچۇن نورمال ئەھۋال

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاكتىكىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار جەمئىيەتتە، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە رەھبەرلىك رولىنى ئېلىش ئارقىلىق باشقىلارغا (يەنى مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرگە) ئۆز ـ ئۆزىنى خار كۆرگۈزىدۇ. نەتىجىدە، مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ماكانىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ ـ دە، بۇ ئاخىرىدا ئۆزىنى خار كۆرۈش سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى (مۇستەملىكىچى)لەرگە قارشى گەپ قىلىشتىن قورقۇشقا ئۆزگىرىدۇ. بۇ بۈگۈنكى كۈندە سان ـ ساناقسىز رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا مەزكۇر رايوندىكى ئەرەبلەرنىڭ (بىزگە نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ) ئەمەس، ياۋروپالىقلار (بىزگە نىسبەتەن خىتايلار)نىڭ تېخىمۇ لايىق كۆرۈلۈۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئورۇنلارنىڭ شۇلارغا بېرىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە بۇ خىل تەقسىماتتا مۇستەملىكىچىلىك پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما بۇ (مۇستەملىكە ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ياكى ئىلگىرى تۇرۇپ باققان رايونلاردا) ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپقا ئېرىشكەن بىر ئىشتۇر.

### 6. «قويمىچىلىق سىندرومى»نىڭ دەردىنى تارتىش

«قويمىچىلىق سىندرومى» (imposter syndrome) ــــ بۇ ئىسىم 1978 ـ يىلى كلىنىكىلىق پىسخولوگ، دوكتور كىلەنس (Pauline R. Clance) ۋە ئىمېس (Suzanne A. Imes) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ. «قويمىچىلىق سىندرومى»غا دۇچار بولغان كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە باغلىيالمايدۇ، ھەمدە ھامان بىر كۈنى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە يالغانچى دەپ قارىلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇلار ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ياكى قابىلىيىتىدىن ئەمەس، بەلكى تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىدىن، باشقىلارنىڭ خاتا ھالدا ئۇلارنى ئىنتايىن قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق دەپ قارىۋالغانلىقىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. رېئال دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزىنى يالغانچى، مۇۋەپپەقىيەتكە لايىق ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئادىدىراق قىلىپ ئېيتقاندا، «قويمىچىلىق سىندرومى»غا دۇچار بولغۇچى ئۆزىنىڭ (ئۆزى كىرىپ بولغان) يېڭى بوشلۇقتا تەۋە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدا سىز ئۆزىڭىزنى مىللەت ياكى سىنىپ تەۋەلىكىڭىز سەۋەبلىك يېتەرلىك دەرىجىدە ئەقىللىق ۋە باي ئەمەس ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا «لايىق ئەمەس» دەپ ئويلىشىڭىزمۇ مۇمكىن (مىللەت ۋە سىنىپىي تەۋەلىك تارىختىن بۇيان

مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە). بۇ يەنە كۆپىنچە بوشلۇقلارنىڭ ئاق تەنلىك ياكى «ئاق تەنلىك»لەشكەن (white ـ passing) كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىشى ۋە شۇ سەۋەبلىك «ئاق تەنلىكلەر ئۈستۈن» دېگەن سەپسەتىنىڭ داۋاملىشىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

7. غەربنىڭ (بىز ئۈچۈن خىتاينىڭ) ئېتىراپىغا ئېرىشىشنى ئويلايسىز

بىزنىڭ (ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەبلەرنىڭ) مۇستەملىكىدىن خالىي جەمئىيەتلەردە ياشاۋاتقانلىقىمىزغا ئارانلا نەچچە ئون يىل بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بىزدە «مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئاڭ» ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. غەربنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش ياكى غەربنىڭ ئىجتىمائىي چەمبىرىدە ئېتىراپقا ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇش «مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئەۋزەللىكى»دىن ئىبارەت سەپسەتىنىڭ قالدۇقىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://indiancountrytoday.com/archive/what ـ is ـ a ـ colonized ـ mind ـ yMyi0CHjMEO_HV3uM7caRQ

https://www.milleworld.com/signs ـ of ـ colonial ـ mentality/amp/



# قۇرئاندىكى شىپالىق مېۋىلەر ۋە ساغلاملىق

بۇشرا ۋەگدە

# قۇرئاندىكى شىپالىق مېۋىلەر ۋە ساغلاملىق

بۇشرا ۋەڭدە

ھەممىمىز دېگۈدەك كەمىدە بىر ـ ئىككى خىل، كۆپ بولغاندا نۇرغۇن خىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىمىز. شۇنداقلا، مېۋىلەردە ئىنتايىن مول مىقداردا ۋىتامىن ۋە بەدەنگە پايدىلىق باشقا ماددىلار بارلىقىنىمۇ دائىملا ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھالبۇكى، شۇ مېۋىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ «مېۋىلەرنىڭ سەرخىلى» دېيىشكە لايىق بولغان، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان بەزى مېۋىلەر بار. بۈگۈن بىز قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان ئاشۇ مېۋىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەدەنگە قانداق پايدىلىرى بارلىقى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

**زەيتۇن**

{ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ نۇرىنىڭ مىسالى خۇددى ئىچىدە چىراق بار تەكچىگە ئوخشايدۇ. چىراق شېشىنىڭ ئىچىدىدۇر، (بۇ) شېشە گويا مەرۋايىتنى ئەسلىتىدىغان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. چىراق شەرق تەرەپتىمۇ، غەرب تەرەپتىمۇ بولمىغان مۇبارەك زەيتۇن دەرىخى (يەنى شۇ دەرەخنىڭ يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان} [نۇر سۈرىسى 35 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق دېگەن: «(تاماقلىرىڭلارنى) زەيتۇن يېغى بىلەن تەملەندۈرۈڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن مايلىنىڭلار. چۈنكى ئۇ مۇبارەك دەرەختىن چىقىدۇ» [سۈنەن ئىبنى ماجە 3319 ـ ھەدىس، سەھىھ].

گەرچە ھازىر دۇنيانىڭ ھەممىلا جايىدا زەيتۇن تاپقىلى بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىنىڭ زەيتۇنلىرى ئەڭ مەشھۇر.

زەيتۇن قۇرئان كەرىمدە يەتتە قېتىم زىكىر قىلىنغان.

سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى:

زەيتۇننىڭ تەركىبىدە، يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك، ياغ كىسلاتاسى (ئولېئىك كىسلاتاسىمۇ دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان، تاق ـ تويۇنمىغان (monounsaturated) ماي ماددىسى بار. زەيتۇن مېيىدا مول مىقداردا ياغ كىسلاتاسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار. ھالبۇكى، قان بېسىمى (مۇۋاپىق دائىرىگە) چۈشسە، يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىمۇ تۆۋەنلەيدۇ ۋە مەزكۇر سىستېمىغا چۈشىدىغان بېسىممۇ يېنىكلەيدۇ.

شۇنداقلا، زەيتۇننىڭ تەركىبىدىكى ھىدروكسىتروسول (hydroxytyrosol) غا ئوخشاش فېنولىك (Phenolic) بىرىكمىلەر (قان) قېتىشقا قارشى تۇرغۇچ سۈپىتىدە رول ئويناپ، قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق قان نوكچىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىپ قان ئايلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلىش خەتىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ. مەزكۇر فېنولىك بىرىكمىلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قان تومۇرنى كېڭەيتىپ، قان تومۇرغا چۈشىدىغان بېسىمنى يېنىكلىتىدۇ. نەتىجىدە يۈرەككە چۈشىدىغان بېسىم يېنىكلەيدۇ ۋە قاننىڭ پۈتۈن بەدەندە راۋان ئايلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

زەيتۇننىڭ تەركىبىدە يەنە مول مىقداردا ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار بار بولۇپ، بۇ ماددىلار ھۈجەيرە پەردىلىرىنى راك قاتارلىق كېسەللىكلەردىن قوغدايدۇ.

زەيتۇن يەنە پۈتۈن بەدەندىكى ياللۇغنى ئازايتىدۇ. مەسىلەن، زەيتۇن يېگەندىن كېيىن، بوغۇم، مۇسكۇل، جاراھەت، پەيلەرنىڭ ئاغرىق - بىئارامچىلىقلىرى پەسىيىدۇ.

زەيتۇن يەنە ئۆزىدىكى تاق - تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى ئارقىلىق قاندىكى ئارتۇقچە خولېستېرىننى يوقىتىدۇ.

زەيتۇندىكى قىممەتلىك خىمىيىلىك تەركىبلەردىن بىرى بولغان «زەيتۇن پولىفېنولى» (Oleuropein) يەنە بەدەندىكى مىكروبقا ۋە باكتېرىيەگە قارشى تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. زەيتۇننى كۆپ يېگەندە، بەدەندىكى بۇ خىل خىمىيىلىك ماددىنىڭ مىقدارى ئاشىدۇ - دە، ئۇ بەدەننى ئىچكى ۋە تاشقى يوللار ئارقىلىق باكتېرىيەدىن يۇقۇملىنىشتىن ساقلايدۇ.

زەيتۇندا يەنە تېرىنى قوغدايدىغان ئاساسلىق ماددا ــــ ۋىتامىن E نىڭ مىقدارى ئىنتايىن مول. شۇنداقلا، زەيتۇندا تۆمۈر ۋە مىس ماددىسى مول بولغاچقا، ئۇ يەنە قان ئازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە.

زەيتۇن يېغى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىنول كىسلاتاسى (Linoleic acid) بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىلارغا ئالاھىدە پايدىلىق. چۈنكى، مەزكۇر كىسلاتا بوۋاقلار تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەبئىي يېتىلىشىگە پايدىلىق.

زەيتۇن يەنە سۆڭەك شالاڭلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەيتۇندىكى ھىدروكسىتروسول، شۇنداقلا زەيتۇن پولىفېنولى سۆڭەكتىكى كالتسىي مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، سۆڭەكنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ - دە، نەتىجىدە سۆڭەك شالاڭلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ.

كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدار: كۈندىلىك تويۇنغان ياغ قوبۇل قىلىش مىقدارىڭىزنى تېببىي جەھەتتە تەۋسىيە قىلىنغان دائىرىدە كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى كۈنىگە 2 ~ 3 ئۇنسىيە (56 ~ 84 گرام) - تەخمىنەن 16 ~ 24 تال كىچىك ۋە ئوتتۇراھال زەيتۇن ئىستېمال قىلىڭ. گەرچە زەيتۇننىڭ ئورۇقلاشقا پايدىسى بولسىمۇ، ئەمما زەيتۇننىڭ تەركىبىدە تۇز ۋە ماي كۆپ بولغاچقا، زەيتۇننى كۆپ يېيىش ئورۇقلىشىڭىزغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

## ئۈزۈم

{ياكى سېنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن} [ئىسرا سۈرىسى 91 - ئايەت].

مەزكۇر داڭلىق مېۋىنىڭ بىزگە بىلىنگەن تارىخى 8000 يىللىغا يېتىدىغان بولۇپ، ئۈزۈم تېلى تۈنجى قېتىم ھازىرقى ئوتتۇرا شەرقتە ئۆستۈرۈلگەن. ئۈزۈمنىڭ تۈرى ۋە ئۇنىڭدىن ياسىلىدىغان يېمەكلىكلەر پەۋقۇلئاددە كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل ئۈزۈم، يېشىل ئۈزۈم، ساي ئۈزۈم، مۇناقى ئۈزۈم، ئورۇقسىز ئۈزۈم؛ ئۈزۈم قىيامى، ئۈزۈم مۇرابباسى، ئۈزۈم شەربىتى ۋە كىشمىش قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى:

ئۈزۈمنى زىققا كېسەللىكىنى داۋالاشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۈزۈمنىڭ سۇ تولۇقلاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئۆپكىدىكى نەملىكنى ئاشۇرۇپ، زىققىنىڭ قوزغىلىشىنى تىزگىنلەيدۇ. ئۈزۈم قەۋزىيەتنى يېنىكلىتىش ۋە تەلتۆكۈس ساقايتىشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك.

ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدە ئورگانىك كىسلاتا، شېكەر ۋە تالا ماددىلىرى بار بولغاچقا، ئۇ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى يېمەكلىكلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

سۇس ئاق رەڭلىك ئۈزۈم شەربىتى بەدەندىكى تۆمۈر ماددىسىنى تولۇقلاپ، چارچاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قان ئازلىق نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ئېغىر مەسىلە، ھالبۇكى ئۈزۈم يېيىش بەدىنىمىزدىكى تۆمۈر ۋە مىنېرال ماددىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، قان ئازلىققا شىپاھ قىلىدۇ.

ھەر بىر ئۈزۈم دانىسىنىڭ تەركىبىدىكى مول مىقداردىكى تۆمۈر ۋە شېكەر ماددىلىرى قان ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جىگەر، بۆرەك ۋە ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرىگە قارشى تەبىئىي دورىلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئۈزۈم يەنە بۆرەكنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ ئۈرېيا (**urea** ـ سۈت ئەمگۈچى جانلىقلاردىكى ئاقسىل مېتابولىزمىنىڭ ئاساسلىق ئازوتلۇق پارچىلىنىش مەھسۇلاتى بولغان رەڭسىز كرىستال بىرىكمە، ئاساسلىقى سۈيدۈك ئارقىلىق ئاجرىتىپ چىقىرىلىدۇ) قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئۈزۈمدە يەنە ئىنتايىن مول مىقداردا مىس، تۆمۈر، مانگان قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆڭەكنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۈچىيىشى ئۈچۈن مۇھىم ماددىلاردۇر.

ئۈزۈم قاندىكى نىتىرىت ئوكسىد مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، قان نوكچىسىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۈزۈم يەنە يۈرەك كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاستىدۇر.

ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدە يەنە كىنانتوفىل (**lutein**)، كۆممىقوناق سېرىق ماددىسى (زېئاكسانتىنمۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىق كۆز ساغلاملىقى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار بار.

پىشقان ئۈزۈمنىڭ شەربىتى شەقىقە (باشنىڭ بىر تەرىپى زىڭىلداپ ئاغرىش كېسىلى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدىن)نى داۋالاشتىكى مۇھىم يەرلىك رېتسېپلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۈزۈم ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىقنى داۋالاشتىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە. ئۇ ئىسسىقلىقنى پەسەيتىپ، ئاشقازاندىكى ھەزىمسىزلىك ۋە بىئارامچىلىققا شىپاھ بولىدۇ.

ئۈزۈم بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىلارنىڭ سۈتىنى كۆپەيتكەچكە، بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىلارغا ئۈزۈم شەربىتى ئىچىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدار: ئۈزۈمنى كۈندە ئوتتۇز تالدىن قىرىق تالغىچە يېيىشكە بولىدۇ، ئەمما سىجىل ھالدا بۇنىڭدىن كۆپ يېيىش مۇقەررەر ھالدا بەزى ئەكس تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئۈزۈمنىڭ تەبىئىي قەنت مىقدارى يۇقىرى، ھالبۇكى قەنت مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغاندا ئىچى سۈرۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

### ئانار

{ئاسماندىن سۈنى چۈشۈرگەن زات ئاللاھتۇر. بىز ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردۇق. ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردۇق. (ئۇنىڭدىن بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈرىمىز. خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن

يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈرىمىز. (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈرىمىز. (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈرىمىز. (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا (ئاللاھنىڭ ئىبادەتكە لايىق يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار} [ئەنئام سۈرىسى 99 ـ ئايەت].

سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى:

ئانارنىڭ پوستى ۋە يوپۇرمىقى ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى ياكى ھەرقانداق ھەزىم قىلىش مەسىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان ئىچ سۈرۈشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئانار شەربىتىنى قەرەللىك ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە، بەدەندىكى قان ئايلىنىش ياخشىلىنىدۇ.

ئانار ئۆزىنىڭ ئۇشبۇ خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق، يۈرەك كېسىلى ۋە سەكتە بولۇپ قېلىش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

ئانارنىڭ تەركىبىدە فلاۋونوئىد (flavonoid) دەپ ئاتىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددا بار. بۇ ماددىنىڭ ھەر خىل راكلارغا قارشى تۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ ياخشىلىقى مەلۇم.

ئانارنىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئانار شەربىتى باكتېرىيەگە ۋە ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىش دېغىنى ئازايتىپ، خىلمۇخىل ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئانار تىبابەتتە ئىچ سۈرۈش، قۇلاق ئاغرىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ناچارلاش، قىزىتما قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئانار بەدەندىكى كالىي بىلەن ناترىينىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ، ھەمدە نېرۋا ۋە مۇسكۇل سەزگۈلىرىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئانار چارچىغان مۇسكۇللارنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يەڭگىل ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدار: ئانار ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى ۋە ئىسسىقلىق (كالورىي) مىقدارى تۆۋەن مېۋە بولغاچقا، كۈندە بىر تالدىن ئوتتۇراھال ئانار يەپ بېرىش بەدەن ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

**خورما**

{خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ} [مەريەم سۈرىسى 25 ـ ئايەت].

خورما دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سورتلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. گەرچە خورمىنى ھۆل (تۇڭ) ۋاقتىدىمۇ يېيىشكە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مېۋىسى دائىم قۇرۇتىلىدۇ، بۇ ئۈزۈم ياكى قارا ئۆرۈكنى قۇرۇتۇشقا ئوخشايدۇ.

سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى:

خورمىدا ئاقسىل، يېمەكلىك تالاسى، ۋىتامىن A1، B5، B3، B2 ، B1 ۋە C ئىنتايىن مول.

خورمىدا ئېرىيدىغان ۋە ئېرىمەس تالا، شۇنداقلا ھەر خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى ياخشىلاش رولى بار.

خورما گلۇكوزا، ساخاروزا (sucrose) ۋە مېۋە شېكىرى (fructose) قاتارلىق تەبىئىي قەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، قۇۋۋەت تولۇقلاش ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى.

خورمىنىڭ تەركىبىدىكى كالىي مىقدارى مول، ناترىي مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، بۇ خىل تەركىب نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. تەتقىقاتلارمۇ خورمىنىڭ سەكتە ۋە يۈرەككە مۇناسىۋەتلىك باشقا كېسەللىكلەرنىڭ خەۋپىنى ئازايتىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

خورمىنىڭ تەركىبىدىكى تۆمۈر مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، قان ئازلىقىنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى.

خورما قەۋزىيەت كېسەللىكىگىمۇ شىپاھ قىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ يەنە ئاشقازان راكىنى داۋالاشقىمۇ پايدىسى بار. ئەڭ ياخشى يېرى، ئۇ پۈتۈنلەي تەبىئىي بولغاچقا، بۇ جەھەتتە بەدەنگە ھېچقانداق ئەكس تەسىرى يوق، شۇنداقلا ئۈنۈمىمۇ دورىنىڭكىدىن ياخشى.

ئۇ يەنە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىپ، تۈن قارىغۇسىلىقىنى داۋالاشقا ياردەم بېرىدۇ.

خورمىدا مول مىقداردا مىنېرال ماددىلار بار بولغاچقا، سۆڭەكنى قۇۋۋەتلەش ۋە سۆڭەك شالاڭلىششىقا ئوخشاش ئازابلىق ۋە كىشىنى زەئىپلەشتۈرىۋېتىدىغان كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى يېمەكلىككە ئايلانغان.

پىشقان خورمىنىڭ تەركىبىدە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئامىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان كالىي ماددىسىمۇ بار.

كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدار: نورمال كىشىلەر ئۈچۈن، بارلىق زۆرۈر ئوزۇقلۇقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر كۈنى 100 گرام ياكى بىر ئوچۇم خورما يېيىش كۆڭۈلدىكىدەك تاللاشتۇر. ئەلۋەتتە، كونكرېت ئىستېمال قىلىنىدىغان مىقدار ئىسسىقلىق ئېھتىياجى ۋە ئاساسىي ساغلاملىق شارائىتىغا ئاساسەن ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

**بانان**

{سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىدىن} [ۋاقىئە سۈرىسى 29 ـ ئايەت].

بانان دەرىخى دۇنيادىكى چېچەكلەيدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. گەرچە ئۇنىڭ خىلمۇخىل سورتلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى:

بانان ئورۇقلاشقا پايدىلىق، چۈنكى بىر تال باناندا پەقەت 90 كالورىيە ئەتراپىدىلا ئىسسىقلىق بار. ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن تالا بار بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

بانان قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ ۋە سەزگۈرلۈك (بەدەننىڭ مەلۇم نەرسىلەرگە بولغان زىيادە ئىنكاسچانلىقى)نى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

باناننىڭ تەركىبىدە زور مىقداردا يېمەكلىك تالاسى بار بولغاچقا، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، قەۋزىيەتنى يېنىكلىتىدۇ.

بانان يەنە قان ئازلىقنى داۋالاشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ھۈجەيرە ۋە مۇسكۇللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.

پىشۇرۇلغان بانان گۆلى ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش ۋە زىيادە كۆپ قان كېلىش مەسىلىرىگە شىپاھ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ھەيز قالايمىقانلىشىش ئەھۋاللىرىغىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

بانانىدا پولىفېنولىك ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى بىرىكمىلەر بار بولۇپ، بۇ ماددىلار بۆرەك ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ، زەھەرلىك ماددىلارنىڭ يىغىلىۋېلىشىنى توسۇپ، بۆرەكنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدار: كۆپىنچە ساغلام كىشىلەرگە نىسبەتەن، كۈنىگە بىر ياكى ئىككى تال بانان يېيىش مۇۋاپىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەنجۈر

{ئەنجۈر ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى} [تىن (ئەنجۈر) سۈرىسى 1 ـ ئايەت].

دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا (شۇ جايدا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك) «ئۆزگىچە مېۋە» دەپ قارىلىدىغان ئەنجۈر پىشقانىدا تولىمۇ تاتلىق ۋە شىرنىلىك بولىدۇ. كىچىككىنە ھەرىلەر تەرىپىدىن چاڭلاشتۇرۇلىدىغان ئەنجۈر دەرىخى چېچەكلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گۈللىرى مېۋىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئەنجۈرگە ئۆزگىچە، چۈرۈك تەم ئاتا قىلىدۇ.

سالامەتلىككە بولغان پايدىلىرى:

قۇرۇتۇلغان ئەنجۈرنىڭ تەركىبىدە مول مىقداردا مىنېرال ماددىلار، ۋىتامىنلار ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچىلار بار. ھەر ئۈچ دانە ئەنجۈرنىڭ تەركىبىدە بەش گىرام تالا بار. بۇ قەدەر يۇقىرى نىسبەتتىكى تالا مىقدارى ئۈچەينىڭ ساغلام، تەرتىپلىك خىزمەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەنجۈر تەركىبىدىكى تالا يەنە ئورۇقلاشقا پايدىلىق بولغاچقا، سېمىز كىشىلەرنىڭ ئەنجۈر يېيىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئەنجۈر تەركىبىدە مېۋە يېلىمى (Pectin)دىن ئىبارەت ئېرىيدىغان تالا بار بولۇپ، بۇ بەدەندىكى خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئەنجۈر تەركىبىدە فېنول، 3 ـ Omega ۋە 6 ـ Omega قاتارلىق ياغ كىسلاتالىرى بار. بۇ ياغ كىسلاتالىرى تاجىسمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

ئەنجۈردىكى تالا ماددىسى ئەركىن رادىكال (free radicals، زەرەتسىز مولېكۇلا بولۇپ، ئادەتتە يۇقىرى رېئاكتىپلىق ۋە ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ۋالېنتلىق تاق ئېلېكترونغا ئىگە) ۋە راك كېسىلىنى (بولۇپمۇ چوڭ ئۈچەيدە) كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان باشقا ماددىلارنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى تالا ئۈچەينىڭ ساغلام ھەرىكەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەنجۈر دىئابېت كېسىلىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشتا يۇقىرى تالالىق دورىلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئەنجۈر يوپۇرمىقى دائىم ئىنسۇلىن قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغان دىئابېت بىمارلىرى موھتاج بولىدىغان ئىنسۇلىن مىقدارىنى ئازايتىدۇ.

ئەنجۈر يوپۇرمىقى چېيى كانايچە ياللۇغىغا ئوخشاش ھەر خىل نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا، شۇنداقلا زىققىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئازايتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەنجۈرنىڭ تەركىبىدىكى مول مىقداردىكى شىلىمشىق ماددا يۇتقۇنچاق ياللۇغىنى ساقايتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە. ئەنجۈرنىڭ سىلىقلاش خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىي شىرنىسى ئاۋاز پەردىسىدىكى ئاغرىق ۋە بېسمنى يەڭگىللىتىدۇ.

كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدار: ئامېرىكا كلىنىكىلىق ئوزۇقلۇقشۇناسلىق ژۇرنىلى (American Journal Of Clinical Nutrition) دا ئېلان قىلىنغان تەتقىقاتتا كۆرە، ئەنجۈرگە ئوخشاش يۇقىرى تالالىق يېمەكلىكلەر بەدەنىدىكى ئارتۇق ماينى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، قۇرۇتۇلغان ئەنجۈرنىڭ ئىسسىقلىق (كالورىي) مىقدارى يۇقىرى بولغاچقا، كۈنىگە 2 ~ 3 تال ئەنجۈر بىلەن كۇپايىلىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

كۈندە يېيىشكە بولىدىغان ئومۇمىي مېۋە ـ چېۋە مىقدارى توغرىسىدا:

پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسى قورساقتىنمۇ يامانراق قاچىنى تولدۇرۇپ باقمىدى. ئەسلىدە ئادەم بالىسىغا دۈمبىسىنى تۈزلىگۈدەك (يەنى ماغدۇرىنى ساقلىغۇدەك) بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر (شۇنىڭدىنمۇ) كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىش ئۈچۈن بوش قويسۇن» [جامىئۇت تىرمىزى 2380 ـ ھەدىس، سەھىھ].

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (WHO) يۈرەك كېسىلى ۋە بەزى راك قاتارلىق چوڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى كەم دېگەندە 400 گىرام مېۋە ۋە كۆكتات يېيىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىستاكان بىلەن ئۆلچىگىلى بولىدىغان مېۋە ۋە كۆكتاتلارغا نىسبەتەن، بۇ مىقدار (يەنى 400 گرام) تەخمىنەن بەش ئىستاكانغا باراۋەر كېلىدۇ. ئامېرىكا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقىمۇ بىر ئادەمگە كۈنىگە ئىككى ئىستاكان (يەنى شۇنچىلىك ھەجىمدە) مېۋە يېيىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.


يۇقىرىدىكى ئۆلچەملەردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، گەرچە بىز مەزكۇر ماقالىدە ھەربىر مېۋىنىڭ كۈندىلىك يېيىشكە بولىدىغان مىقدارىنى بايان قىلغان بولساقمۇ، بىر كۈندە ئاشۇ مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىز كۆرسەتكەن مىقداردا يەپ چىقىش دىنىي ۋە پەننىي نۇقتىدىن ئىلمىي بولمىغانلىقتىن، سالامەتلىككە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ مېۋىلەرنى يۇقىرىدىكى ھەدىستىكى «ئۈچتىن بىر»لىك ئۆلچىمى بويىچە، ياكى شۇنىڭغا ئۇيغۇن بولغان ئامېرىكا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقى تەۋسىيە قىلغان «كۈندە ئىككى ئىستاكان»لىق ئۆلچىمى بويىچە، كۈندە بىر ـ ئىككى خىلىنى تاللاپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىسىڭىز، سالامەتلىكىڭىز نۇقتىسىدىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتىشىڭىز ئۈمىدلىكتۇر.

شۇنداقلا، ھەر كۈنى بۇ لەززەتلىك مېۋىلەرنى يېگىنىڭىزدە، شۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى ئۇنۇتماڭ!

**ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى**

مەنبە:

**https://www.muslimink.com/science/fruits_in_quran/?sfw=pass1612434416**



# شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقنىڭ تۈپ يىلتىزى

شان روبېرتس

# شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقنىڭ تۆپ يىلتىزى

## شان روبېرتىس

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ تۆپ يىلتىزى: خىتاينىڭ ئىمپېرىيەۋى ئۆتمۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدە داۋاملاشماقتا[1]

(2021 ـ يىل 10 ـ فېۋرال ئامېرىكادا چىقىدىغان «تاشقى ئىشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېيو خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھەرىكىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. پومپېئونىڭ ئامېرىكا يېڭى ھۆكۈمىتىدىكى ۋارىسى ئانتونىي بىلىنكېنمۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا بۇ خىل قارارغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 21 ـ ئەسىردە، بولۇپمۇ ئامېرىكا ئائىلىلىرىدىكى ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان خىتايدەك بىر دۆلەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، دېگەن بۇ قاراش قارىماققا ئاجايىپ غەيرى ئاڭلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئاتالغۇنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ۋەھشىيلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

خىتاينىڭ غەربىدىكى شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر كەڭ كۆلەمدىكى جازا لاگېرلىرى، تۈرمىلەر ۋە باشقا جازا ئورگانلىرىدا پىسخولوگىيىلىك بېسىم، قىيىن ـ قىستاقتا دۇچار بولماقتا ۋە BBC يېقىندا خەۋەر قىلغاندەك سىستېمىلىق باسقۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. بۇ جازا ئورگانلىرىنىڭ سىرتىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە زامانىۋى تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ، بۇ رايوندىكى يەرلىك خەلقنى توختىماي نازارەت ئاستىغا ئالدى، ئاياللارنى مەجبۇرى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، باللارنى ئائىلىسىدىن تارتىۋېلىپ ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتتى ۋە نەچچە يۈزمىڭلىغان ئادەمنى خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلاردا ئولتۇراقلاشقان ئەمگەك پروگراممىلىرى بويىچە مەجبۇرى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي دۆلىتى بۇ رايوننىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، مەسچىت ۋە مازارلارنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ، ئەنئەنىۋى مەھەللىلەرنى چېقىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر تىلىنى باستۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق يەرلىك خەلق. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلەيدۇ ۋە خىتاي دۆلىتىدىكى كۆپ ساندىكى خىتاي

[1] ماقالە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ جاكارلاشتىن ئىلگىرى يېزىلغانلىقتىن، ئاپتور شۇڭا «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتىغان. ژۇرنىلىمىز خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقىنى قەتئىي ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇيدۇ.

مىللەتنى بىلەن ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتنى ساقلاپ كەلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا 12 مىليون ئۇيغۇر بار بولۇپ، خىتاينىڭ ئومۇمىي نوپۇسى بولغان 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا سېلىشتۇرغاندا خۇددى كۆلچەكتىكى بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ خەلق خىتاي بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى جەلپ قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ مىللەتنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇشقا بەل باغلىغاندەك قىلىدۇ.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىي قىلمىشلىرى پەقەت خىتاي دۆلىتىنىڭ شى جىنپىڭ دەۋرىدە بارغانسېرى مۇستەبىت تەرەپكە بۇرۇلۇشىنى ياكى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئىدىيىسىنىلا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. بەلكى، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى بۇنداق باستۇرۇشى بېيجىڭ بىلەن ئۇ خېلى بۇرۇنلا بويسۇندۇرغان، ئەمما دەۋرىمىزدىكى خىتاي دۆلىتىگە تولۇق سىڭىپ كىرمىگەن ياكى ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە ئىگە بولالمىغان بىر تېررىتورىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەملىكە مۇناسىۋەتتىدىن كېلىپ چىققان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، بېيجىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تىنچلىقتا بىللە ياشايدىغان ھالەتكە كېلىشى مۇمكىندەك قىلاتتى. ئەمما خىتاي ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە بولغان كىملىكىنى بىكار قىلىشقا ئۇرۇنۇش يولىنى تاللىدى. باشقىلار بېيجىڭنىڭ بۇ رايوندىكى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشىنى ئۈمۈتلەنگەندە، ئۇلار ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۆزى تاللىغان دۆلەتكە ئوخشىمايدىغان بىر دۆلەتكە ئايلىنىشنى تەلەپ قىلماقتا.

## خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇستەملىكچىلىك

خىتاينىڭ يېقىنقى تۆت يىلدا ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان ھەرىكىتى بىزگە باشقا كۆچمەن مۇستەملىكچى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ۋە ئاۋىستىرالىيەدىكى يەرلىك خەلقلەرگە ئوخشاشلا، كەڭ كۆلەملىك تۈرمىلەرگە ۋە لاگېرلارغا سولاش، يەرلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ۋە بەلگىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، كۆچۈرۈلۈش، ئائىلىنى ئايرىش ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيەگە دۇچ كەلدى. بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېقىنقى سىياسىتى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە تەدرىجىي كۈچەيگەن مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنى دەپ قارايدىغان ۋە خىتاي تىلىدا «يېڭى چېگرا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان شەرقىي تۈركىستان 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىر ئۆلكە سۈپىتىدە چىڭ ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېلىنغان. 1911 - يىلى چىڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندە، يېڭى خىتاي جۇمھۇرىيىتى بۇ رايونغا يىراق مۇستەملىكە سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلىپ، مەركىزى دۆلەت كۈچى بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئاجىز بولغان خىتاي ئەمەلدارلار ئارقىلىق بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. خىتاي كومپارتىيىسى 1949 - يىلى بۇ رايوننى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە رايونغا بولغان كونتروللۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. سوۋېت ئۈسلۇبىدىكى ئېتنوفېدىرالىزم سىستېمىسىغا تەقلىد قىلىپ، بېيجىڭ بۇ يەرنىڭ نامىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»غا ئۆزگەرتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئىلگىرىكى مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرگە سوۋېت مەدەنىيىتى ۋە مىللىي سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇش پۇرسىتى بەردى. ھەتتا سىمۇلىلۇق تەرىقىسىدە بولسىمۇ بۇ جۇمھۇرىيەتلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ئەمما خىتاي ئىچكى موڭغۇلىيە، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت مۇستەملىكە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن رايونلاردا ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش يول تۇتمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرگە ئوخشمايدىغىنى، خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللىي «ئاپتونوم رايونلىرى» ھېچبىر ھەقىقىي ئاپتونومىيىگە ئىگە ئەمەس ئىدى: ئۇلارنىڭ خىتايدىن ئايرىلىش نەزەرىيەۋى ھوقۇقى يوق بولۇپ، پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان پارتىيە ئەزالىرىلا ھۆكۈمەتتە بىرەر ئەمەلىي ھوقۇققا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇندىن باشقا، **1959**- يىلغا بارغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاننى ئەزەلدىن بېرى خىتاينىڭ بىر تارىخى قىسمى دېگەن قاراشنى بازارغا سېلىپ، بۇ خىل قاراشنى تا بۈگۈنگە قەدەر ساقلاپ كەلدى ۋە بۇ رايوننىڭ خىتاينىڭ قولىغا كىرىشىدىكى مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىنى رەت قىلدى.

**1960**- يىلغا كەلگەندە ، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ھۆكۈمىتىدە ئاپتونومىيە ياكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. خىتاي **1950**- يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاللىقاچان يەرلىك مىللى كادىرلاردىن تۈزۈلگەن رايون رەھبەرلىكىنى يوقاتقان بولۇپ، خىتايلارنىڭ بۇ رايونغا كۆچۈشىگە ئىلھام بېرىپ، نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشىگە قولايلىق ياراتتى. نەتىجىدە، **1953**- يىلى خىتايلار شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ پەقەت ئالتە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولسا، **1982**- يىلىغا كەلگەندە ئۇلار **38%** كە يەتتى.

گەرچە نوپۇس جەھەتتە بۇ خىل چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئانا يۇرتى تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **70**- يىللىرىغىچە خىتاي كوممۇنىست ھاكىيىتىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم خىتاي كۆچمەنلەر بۇ رايوننىڭ شىمالىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىكى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ئۇيغۇر ئاھالىلەر مەركەزلىرىدىن چەتتىكى رايونلاردا تۇرغان ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ھەركەتلىرى خۇددى خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا بۇ رايوندىمۇ ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنى سادىق ماۋچىلارغا ئايلاندۇرۇشتا ئىنتايىن چەكلىك رول ئوينىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ **80**- يىللىرىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت، تىل ۋە تاشقى قىياپەت جەھەتتە يەنىلا خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىن روشەن پەرقلىنەتتى، بولۇپمۇ بۇ رايوننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان بوستانلىقلاردا بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ روشەن ئىدى.

### مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش كېچىكتۈرۈلدى

**1976**- يىلى ماۋزېدوڭ ئۆلگەندىن كېيىن دېڭ شىياۋپىڭ رەھبەرلىكىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلاھات دەۋرى ئۇيغۇرلارغا كۆپلىگەن ياخشى ۋەدىلەرنى بەردى. بېيجىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋاقىتلىق مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋاقتىنچە قوللاندى. دېڭ شىياۋپىڭنىڭ يېقىن

سەپەدىشى ۋە 1982 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن خۇ ياۋباڭ، خىتاينىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر رايونىدىمۇ لىبېراللاشتۇرۇش ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇن خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا چاقىردى ۋە مەدەنىيەت، دىن ۋە سىياسىي جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھۆكۈمەت ئىلگىرى تاقالغان مەسچىتلەرنىڭ قايتا ئېچىلىشىغا ۋە يېڭى مەسچىتلەرنىڭ ياسىلىشىغا يول قويدى. ئۇيغۇرچە نەشرىياتچىلىق ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە گۈللەپ ياشناش بارلىققا كەلدى. خۇياۋباڭ ھەتتا خىتاينىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسى ئىچىدە بۇ رايوننىڭ ئاپتونومىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىپ، بۇ رايون رەھبەرلىرىنىڭ يەرلىك مىللەتلەردىن تەيىنلىنىشىنى ۋە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدا ئۆز مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى راۋاجلاندۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشنى بۇيرۇدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئىچىگە ئېلىش خاھىشى خۇياۋباڭنىڭ دېموكراتىيىلىشىش ۋە لىبېراللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىغا ماس كېلەتتى.

ئەمما خۇياۋباڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاپتونومىيەگە ئىگە ئۇيغۇر رايونىغا ۋە تېخىمۇ دېموكراتىك ھالدىكى خىتايغا بولغان ئارزۇسى ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشمىدى. پارتىيە ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپلەر خۇ ياۋباڭنىڭ لىبېرال سىياسەتلىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى، دېگەننى باھانە قىلىپ 1987 ـ يىلى ئۇنى پارتىيەدىن تازىلاپ چىقاردى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا خۇياۋباڭنىڭ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىشىغا قارشى تۇرۇش سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان 1989 ـ يىلدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئوقۇغۇچىلار نامايىشىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇشى سىياسىي ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئەمما، ئۇيغۇر رايونىنىڭ تەقدىرىنى ھەقىقىي پېچەتلىگەن ۋەقە، 1991 ـ يىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى خاتا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكەتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەپ قارىدى ۋە خىتاينىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، خىتاي كومپارتىيىسى قارشىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان نۇرغۇن ئاتالمىش بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقۋادارلىقىنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ئىنتىلىش بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ، دىنىي ئەربابلارنى باستۇرۇش نىشانى قىلدى شۇنداقلا يەنە نۇرغۇنلىغان دىندىن خالى سەنئەتكارلار ۋە يازغۇچىلارنى قولغا ئالدى.

بۇ خىل قاتتىق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش، قىيناش ۋە ئۆلتۈرۈش قاتارلىق دۆلەت زوراۋانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئاندا ـ ساندا يۈز بەرگەن قانلىق توقۇنۇشلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ رايوندا نە تەشكىللىك ئۇيغۇر قوراللىقلىرى ھەرىكىتى، نە ھەقىقىي بۆلگۈنچىلىك تەھدىتى يوق بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇنداق ئېغىر باستۇرۇشقا لايىق ئىكەنلىكىگە ھېچبىر ئاساس يوق ئىدى.

## ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، خىيالىي تېررورىزم

ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن 11 ـ سېنتەبىر تېرورلۇق ھۇجۇمى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن يەرشارى مىقياسىدىكى «تېرورىزمغا قارشى ئۇرۇش» نى ئېلان قىلىشى بېيجىڭغا ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى باشقىچە ئۇسۇلدا رامكىغا ئېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ پەقەت ئېغىر تېرورلۇق تەھدىتىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىتاي خەلقئارانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆز سىياسىتىگە بولغان تەنقىدىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر قوراللىقلىرىنى بازا تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار،دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا خىتاينىڭ بۇ ئالدام خالتىسىغا چۈشتى ۋە 2002 ـ يىلى يازدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئافغانىستاندىكى بىر كىچىك، ئىلگىرى ئىسمى بىلىنمىگەن ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى (ETIM) نىڭ بازا تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆز ئەمەلدارلىرى تېخى بىر نەچچە ئاي ئىلگىرىلا رەت قىلغان خىتاي دوكلاتىغا ئاساسلىنىپلا بۇ تەشكىلاتنى تېرورلۇق تەشكىلاتى دەپ ئاتىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاخىرى 2020 ـ يىلى نويابىردا ETIM نى تېرورلۇقنى چەكلەش تىزىملىكىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئەسلىدىكى بېكىتىش ئالللىقاچان ئۇزۇن مۇددەتلىك زىيان ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشىغا يول ئېچىپ گەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش باھانىسىدا ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئۆكتىچىلەرنى ۋە دىنىنى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتى نەچچە مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىپ شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى ئۇل ـ ئەسلىھە ۋە سانائەت بەرپا قىلىش ئارقىلىق مۇستەملىكە قىلىش نىشانىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى ۋە بۇ جەرياندا تېخىمۇ كۆپ خىتاي كۆچمەنلەرنى بۇ رايونغا جەلپ قىلدى.

خىتاي ئەمەلدارلىرى بىر مەزگىل ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باستۇرۇشنى تەقۋادار ئۇيغۇرلارغا مەركەزلەشتۈردى. ئەمما بېيجىڭ 2017 ـ يىلدىن باشلاپ تېخىمۇ قاتتىق يول تۇتۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ رايوندىكى پۈتكۈل يەرلىك ئاھالىلەرنى تېرورلۇق ياكى بۆلگۈنچى قوراللىق ئۇنسۇرلارغا شېرىك دەپ گۇمان قىلدى. خىتاي سىياسىتىنىڭ بۇ خىل قاتتىقلىشىشىغا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئامىللار سەۋەب بولدى: بۇنىڭ بىرى، خىتاينىڭ شى دەۋرىدە كۈنسېرى مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇشى؛ ئىككىنچىسى، «بىر بەلۋاغ بىر يول تەشەببۇسى» دەپ ئاتالغان كەڭ كۆلەملىك ئەسلىھە ۋە تەرەققىيات پروگراممىسىدا شەرقىي تۈركىستاننى مۇھىم قۇرۇقلۇق پورتى قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى؛ ئۈچىنچى ئامىل، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشى؛تۆتىنچى ئامىل بولسا خىتاينىڭ دۇنياۋى بىر كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئېشىشى ۋە نەتىجىدە خەلقئارادىكى ئۆزىگە قارىتىلغان تەنقىدگە كارى بولماسلىقى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن جايلاردا مۇسۇلمانلارنى مەۋجۇتلۇققا تەھدىت سۈپىتىدە ئالۋاستى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قولاي بولغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش لوگىكىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبىدۇر.

ئۆتكەنكى تۆت يىلدا، خىتاي دائىرىلىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئوندىن بىرىدىن كۆپرەكىنى تۈرمىگە ۋە كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىغا سولىدى. ئۇلار قالغان نوپۇسنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە

نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالاقىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساداقەتسىزلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھەرقانداق كىچىك ئالامەتلەرگىچە كۆزىتىپ، بىرەر ساداقەتسىزلىكى بارلىقى كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلىدى. نەتىجىدە، سىرتتىكى جازالاش ئاپپاراتلىرى يەرلىك ئاھالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن دۆلەت كامپانىيىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كامپانىيىلەر مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىسى، مەجبۇرىي خىتاي تىلىنى ئۆگىتىش، مەجبۇرى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش، خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇش ۋە يەرلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىش ياكى ئۇلارنى ساياھەت سورۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىش (مەسىلەن، قەشقەرنىڭ كونا شەھىرىنى قايتا ئۆزگەرتىش) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2018-يىلى فرانسىيە ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن بىر ھۆكۈمەت ھۆججىتىدە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ھۆججەتتە ئاساسلانغاندا، بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باش نىشانى «ئۇلارنىڭ نەسەبىنى بۇزۇش، يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، باغلىنىشنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋەيران قىلىش» ئىكەن.

بۇ ئىستراتېگىيە بىرەر رېئال بولغان ياكى ئويلاپ چىقىلغان تېررورلۇق تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بېيجىڭنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تېررىتورىيەنىڭ ئۇيغۇر خاراكتېرىنى يۇيۇپ تاشلاشنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي بىرلىكىنى بۇزۇپ تاشلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى «بىر بەلۋاغ بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ چاقىدىكى بىر شادا بولغان خىتاينىڭ سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەد قىلىدۇ. خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي كۆپ سانلىقلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەنە بىر ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى ئەڭ ياخشى ھېساپلىغاندا ئارتۇقچە، ئەڭ ناچار بولغاندا چوقۇم يوقىتىشقا تېگىشلىك توسالغۇ دەپ قارايدۇ.

## زىيان بولۇپ بولدى

خىتاي ئۆز مۇساپىسىنى ئاسان ئۆزگەرتمەيدۇ. ئامېرىكا پرېزىدېنتى جو بايدېن ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېقىنقى ھەرىكىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشنى داۋام قىلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا كوڭگىرېسى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزىدىغان قانۇن ماقۇللىدى، ھەمدە بۇ رايوندا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ياسالغان مەھسۇلاتلارنى چەكلەش توغرىسىدا يېڭى قانۇن چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ.

ئىنسانپەرۋەرلىك كرىزىسىنىڭ كۆلىمىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇنداق تەدبىرلەرنى ئېلىش زۆرۈر. ئەمما بۇ تەدبىرلەر ئەگەر پەقەت خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ دۆلەتلەر رىقابىتىنىڭ لوزۇنكا تاختىسىدەك كۆرۈنۈپ قالسا، بېيجىڭغا كىرەكلىك بېسىم ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. خۇددى خىتاي ئاللىقاچان ب د ت كېڭىشىدە ھوقۇق كېڭىشىدە 2020-يىلى 45 ئەزا دۆلەتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكىتىنى قوغدايدىغان خەتكە ئىمزا قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق نامايەن قىلغىنىدەك، نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ خىل تالاش-تارتىشتا بېيجىڭ تەرەپتە تۇرۇشنى خالايدۇ. بېيجىڭنىڭ

سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشتە چوقۇم خەلقئارانىڭ كەڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە سىجىل ئىقتىسادىي بېسىم قوللىنىش كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، تاشقى بېسىمنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ. ھەقىقىي ئۆزگىرىش پەقەت خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئىچىدىن كېلىدۇ. ئۇنۇملۇك خەلقئارالىق بېسىم خىتايدىكى مۇھىم قارار چىقارغۇچىلارنى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ زور ئىقتىسادىي ۋە يۈز ئابروي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا قايىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

كەلگۈسىدە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان زىياننى تۆلەش ۋە ئۇلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسكە توختايدۇ. شى جىنپىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، بولۇپمۇ ئۆتكەن تۆت يىلدا سادىر قىلىنغان ۋەھشىيلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇندىن باشقا خىتاي ئۇچۇن يەنىلا بىر چوڭ سىناق بار: ئۇ بولسىمۇ چىڭ سۇلالىسىدىن مىراس قالغان مىللىي كۆپ خىللىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت. بېيجىڭ باشقا دۆلەتلەردىن ئۆرنەك ئېلىشى كېرەك، جۇملىدىن جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە سكاندىناۋىيەدىكى يەرلىك خەلقلەرگە قىسمەن بولسىمۇ چەكلىك ئىگىلىك ھوقۇقى بەرگەن دۆلەتلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى 1980 ـ يىللىرى مۇشۇنداق يول تۇتۇشنى ئويلاشقان ئىدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئىگە ھالەتتە قوبۇل قىلىدىغان تېخىمۇ كەڭ قورساق بولغان بىرخىتاي دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بىزگە ھېچبىر دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ھازىرقى خىتاي دۆلىتىنىڭ خاراكتېرىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان، زۇلمەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر پىلانغا قەتئىي بەل باغلىغاندەك قىلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن مۇھەممەد ئۇيغۇر تەرجىمە قىلغان



كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

# ئوقۇش ھاياتىمدىكى ئەسلىمىلىرىم

گۈلنىسا قەيسەر

# ئوقۇش ھاياتىمدىكى ئەسلىمىلىرىم

**گۈلنىسا قەيسەر**

ئالتە ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردىم. مەن بىلەن تەڭتۇش ئۇتتۇزدىن كۆپرەك بالا ئوقۇش ھاياتىمىزنى باشلىغان تولىمۇ ئاددىي، پاكىز، رەتلىك سىنىپىمىز ھازىرغا قەدەر كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. قاتار ـ قاتار تىزىلغان قىزىل رەڭلىك ياغاچ پارتىلاردا ئوقۇغۇچىمىزنىڭ ئېغىزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشتۇق. ئوقۇتقۇچىمىز ئەڭ تاتلىق سۆزلەر بىلەن مەكتەپكە كىرگىنىمىزنى تەبرىكلىدى. بىزنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى چىرايى يېقىملىق، ئاۋازى جاراڭلىق ئوقۇتقۇچىمىزدىن قالسىلا، سىنىپنىڭ ئالدى تېمىدىكى ئۈچ مېتىرلىق قارا دوسكىنىڭ ئۈستىگە چاپلانغان ئۈچ پارچە سۈرەت ئىدى. مەن ئۇ سۈرەتلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كېتەتتىم. باشقا بالىلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھەيرانلىك ئىلكىدە ئاشۇ سۈرەتلەرگە قاراپ كېتىشەتتى. دوسكىنىڭ ئۈستىگە سۈرىتى چاپلانغان ئاشۇ كىشىلەر مېنىڭ شۇ چاغدىكى نەزىرىمدە ئالەمشۇمۇل كاتتا كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى. ئوقۇتقۇچىمىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ۋە ھەممىمىز بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن ھېلىقى «كاتتا كىشىلەر»نى بىزگە تونۇشتۇردى:

— ماۋۇ بىزنىڭ ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋجۇشى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنى قۇرغان كىشى. ماۋۇ ھەممىمىزنىڭ سۆيۈملۈك بوۋىسى ماركس. ماركس بوۋىمىز بىزنى ھازىرقى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي خىزمەت قىلىپ چاچ ـ ساقاللىرى مۇشۇنداق ئۆسۈپ كەتكەن. بىز ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئەۋلادلاردىن بولمىساق بۇلارغا يۈز كېلەلمەيمىز. بۇ ئىككى پەخىرلىك كىشىنىڭ ئوتتۇردىكى بولسا بىزنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ گۈزەل بايرىقى. دۆلىتىمىز نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جاپالىق كۈرىشى بەدىلىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، دۆلىتىمىزنىڭ بايرىقى ئۇلارنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ رەڭگىگە سىمۋول قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ بۇ دەبدەبىلىك سۆزلىرى بىزنىڭ پاك قەلبىمىزدە ماۋزېدۇڭ بىلەن ماركسقا بولغان يۈكسەك ھۆرمەتنى ئويغىتاتتى. قىزىل رەڭلىك خىتاي بايرىقىنى كۆزلىرىمىزگە قىزىل گۈلدەك يېقىملىق كۆرسىتەتتى. ئوقۇتقۇچىمىز يەنە بىزنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىزگە، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇشىمىزغا تەربىيە قىلىۋېتىپ ھېلىقى «پەخىرلىك» كىشىلەرنى چوقۇم ماۋزېدۇڭ داھىيىمىز، ماركس بوۋىمىز دېيىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئىسمىنىلا ئۇدۇل ئاتىشىمىزنىڭ ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويغان ئىدى. مەن بىر قېتىم مەكتەپتىكى تەسىراتلىرىمنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بەرگەچ، «ھاجى بوۋامنىڭ چېچى

قىسقا ساقىلى ئۇزۇن ئىكەن، چېچىمۇ ئۇزۇن بولغان بولسا ماركىس بوۋىمىزغا ئوخشاش بولاتتى» دېسەم، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئەينى چاغدا ئېيتقانلىرىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇشبۇ ئەسلىمەمدە ھېچبىر بەدىئىي توقۇلما مەۋجۇت ئەمەس. ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى مۇھەررىرى ھېكمەتيار ئىبراھىمنىڭ مەندىن تەلەپ قىلغىنى بويىچە، ھەقىقەت قانداق بولسا بۇرمىلىماستىن، كۆپتۈرمەستىن ياكى سۇسلاشتۇرماستىن بايان قىلىشنى ئۆزۈمگە پرىنسىپ قىلىپ بەلگىلەپ، بۇ پرىنسىپقا ئەسلىمە يېزىش جەريانىدا باشتىن ئاياق ئەمەل قىلدىم. ئەسلىمىنى يېزىش جەريانىدا كاللامدا غۇۋالىشىپ، ياكى گۇڭگىلىشىپ قالغان مۇناسىۋەتلىك ۋەقە، ھادىسە، دىئالوگلارنى كىرگۈزمىدىم. پەقەت، خاتىرەمدە ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان ۋەقە، ھادىسىلەرنىلا يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. ئەسلىمەمنى ھېكمەتيار ئىبراھىم ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، كۆپ تۈزىتىش بەردى. مەن دىققەتسىزلىكتىن مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتكەن يەرلەرنى، تارىخىي قىممىتى بولغان ئىش ھادىسىلەرنى نىسبەتەن تەپسىلىي بايان قىلىشىم كېرەكلىكىنى، ئارتۇقچە كىرگۈزۈلۈپ قالغان جايلارنى چىقىرىۋېتىشىمنى، شۇندىلا ئەسلىمىنىڭ قىممىتىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئەسلىمەمگە جىق ئەجىر سىڭدۈردى.

گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، مەكتەپ قويىنىدا مەن ئالغان تۇنجى تەربىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە شەرتسىز ھالدا سادىق بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى دىنىي خۇراپاتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇشنى، كوممۇنىستىك پارتىيەگە شەرتسىز ساداقەت كۆرسىتىشنى ئاساس قىلاتتى. بىغۇبار، سەبىي چاغلىرىمىز بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتىمنى ئەسلىگىنىمدە تۆۋەندىكىلەر ئېسىمگە كېلىدۇ.

ھەر دۈشەنبە كۈنىدىكى ئەتىگەنلىك بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئاجايىپ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى. مەكتەپنىڭ تۈزۈمىدە دۈشەنبە كۈنى ھېچقانداق ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچىغا رۇخسەت بېرىلمەيتتى. جىددىي زۆرۈرىيەتلەر سەۋەبلىك رۇخسەت سوراشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ چوقۇم بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئاندىن قايتىشى تەلەپ قىلىناتتى. بايراق چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلار، ئارقىدىن ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ھالەتتە ئوڭ مۇشتىنى قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، بايراققا قاراپ تۇرۇپ «قەسەم»نى دېكلاماتسىيە قىلاتتى. قەسەم — كوممۇنىزمنىڭ ياراملىق ئىزباسارى بولۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەر دۈشەنبە ئەتىگىنىكى بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا مۇشۇ ھەقتە قەسەم بېرەتتۇق.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلىدا مەكتەپنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى لاياقەت ئۆلچىمىگە چۈشكەنلىرىمىز پىئونېرلىققا قوبۇل قىلىندۇق. مەكتەپ مەيدانىدا يەنە شۇ قىزىل بايراقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەشەككۈر

ئېيتتۇق ۋە سادىقلىق بىلەن ئاۋانگارت ئەزىمەتلەردىن بولۇشقا قەسەم بەرگۈزۈلدۇق. قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە ھەر بىرىمىزنىڭ بوينىغا بىردىن قىزىل گالاستۇك تاقاپ قويۇلدى. بىز يۇقىرى يىللىقتىكى باللارنىڭ گالاستۇكىقىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ يۈرگەن كۈنلەردە بىزگىمۇ تەنتەنىلىك ھالدا گالاستۇك تاقىلىشى بىزنى بەكلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. مەن بىر قانچە كۈنگىچە گالاستۇكنى كېچىدىمۇ بوينىمدىن ئېلىۋەتمەي ئۇخلىغان ئىدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپ رەھبەرلىرىدىن نۆۋەتچى بولغان بىرى گالاستۇكىمىزنى تەكشۈرەتتى. گالاستۇكنى ئۇنتۇپ قالغانلار ئۆيىگە بېرىپ گالاستۇك تاقاپ كېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ تۈزۈمگە ھەممىمىز كۆنۈپ كەتكەن ئىدۇق.

تۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىممىكىن، بىر قېتىم ئىستراخۇانىيە ھەققى ئۈچۈن ھەر بىر ئوقۇغۇچىدىن ئون يۈەن ھەق تاپشۇرۇش، ئەگەر ئىستراخۇنىيەگە قاتناشمىسا ئائىلە باشلىقى پەرزەنتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدىنامە يېزىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. سىنىپتىكى باللارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «ۋەدىنامە»سىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. كەچتە ئۆيىگە قايتىشتىن ئىلگىرى سىنىپ مەسئۇلىمىز كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە غەزەب بىلەن سىنىپقا كىردى ۋە بىر قىز ساۋاقدىشىمىزغا قاتتىق ئاچچىقلاپ: «دادىڭىزنىڭ كاللىسى ساقمۇ؟ ئەتە ئەتىگەن دادىڭىز سىز بىلەن تەڭ مەكتەپكە كەلسۇن. يازغان ۋەدىنامىسى ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئۆزى جاۋاب بەرسۇن» دەپ كايىپ كەتتى. بىچارە قىز قورققىنىدىن يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئەتىسى بىلسەك ھېلىقى ساۋاقدىشىمىزنىڭ دادىسى «ۋەدىنامە» نى مۇنداق يازغان ئىكەن: «مەن قىزىمنى ئۆزۈم خالاپ ئىستراخۇانىيەگە قاتناشتۇرمىدىم. قىزىمنىڭ ساغلام، بىخەتەر چوڭ بولۇشىغا قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە مەسئۇل بولىمەن. كۈتۈلمىگەن پېشكەلچىلىككە يولۇقۇشتىن خۇدايىم ساقلار.» ۋەدىنامىسىنىڭ ئاخىرىدىكى «خۇدايىم ساقلار» دېگەن خەتنى ئوقۇغان مەكتەپ رەھبەرلىرى «ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ سىياسي ئېڭى تۆۋەنكەن» دەپ ئوقۇتقۇچىمىزنى تەنقىدلىگەن ئىكەن. ئۇ قىز ساۋاقدىشىمىزنىڭ دادىسى مەكتەپكە كېلىپ يازغان ۋەدەنامىسىنى يىرتىۋېتىپ، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە قايتىدىن ۋەدىنامە يېزىپ بېرىپتۇ.

مەن شۇ يىللاردا بەك ھەيران قالىدىغان يەنە بىر ئىش، مەكتىپىمىزدىكى «ھەمدۇللا، خۇدابەردى» ئىسىملىك ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى دەرس جەدۋىلى، ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسى ۋە ئىشخانا تاملىرىدا «ھىمدىللا، خىداۋەردى» دەپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان بولاتتى. مەن بۇنى ئۆيىدىكىلەرگە دەپ بەرسەم، ئۇلار پارتىيە ئەزاسى بولغاچقا ئىسمىنى شۇنداق يازغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئىدى. دېمەك بىزگە بىلىم بېرىۋاتقان ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ توغرا يېزىشقا پېتىنالمايتتى.

ئۇ چاغلاردا مەكتەپنىڭ ئاساسى نىشانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشلا ئىدى، دېسەم كۆپتۈرۈۋەتكەن بولمايمەن. دەرس سېتكىمىزدا ھەپتىدە ئىككى سائەت سىياسى ئۆگىنىش بار ئىدى. ئېغىزىمىزغا كەلمەيدىغان، مەزمۇنىنى چۈشەنمەيدىغان بىر تالاي نەرسىدىن كونسپېك يېزىپ،

يادىلاشقا مەجبۇر ئىدۇق. پات ـ پات پۈتۈن مەكتەپ بويىچە سىياسىي ئۆگىنىشتىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ «شان ـ شەرىپى»نى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ئالاھىدە تەييارلىق قىلدۇراتتى. «زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈش تەشۋىقاتى، تەييارلىقى ئاجايىپ كۆچلۈك ۋە جانلىق بولاتتى. مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى يېرىم كۈن دەرس ئۆتۈلمەيتتى. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار ھېيت ـ بايرام كۈنى ياسانغاندەك چىرايلىق ياسىنىپ كېلەتتى. مەكتىپىمىزدە چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگۈدەك ئالاھىدە سەھنە يوق بولغاچقا، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى تەنتەربىيە مەيدانىدىلا ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە مۇسابىقىگە قاتناشمىغان باللار ئۆز سىنىپىدىكى «ماھىر»لارغا «ئامەت» تىلەپ ئەستايىدىل ۋە تىنچ ئولتۇرۇشاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاشۇنداق داغدۇغىلىق مۇسابىقىدە سورىلىدىغان «مۇھىم» سوئاللار — دۆلىتىمىزنىڭ رەئىسىدىن كەنتىمىزنىڭ سېكرېتارىغىچە بولغان يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتلامدىكى ئوتتۇز ـ قىرىق ئەمەلدارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى، مەكتەپ نىزامى ۋە ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى، ئاتىزىمچىلاردىكى «يەتتىنى قىلماسلىق»، «بەشكە قارشى تۇرۇ» دېگەندەك تېمىلاردىكى دىكتاتورلۇق تۈزۈمىنىڭ ئىپادىلىرى دائىرىسىدە بولاتتى. «ماھىرلار» سورالغان سوئاللارغا تېز جاۋاب بېرىش، تولۇق جاۋاپ بېرىش، تالىشىپ جاۋاپ بېرىش دېگەندەك باسقۇچلار بويىچە مۇسابىقىگە چۈشەتتى. مۇسابىقىگە كۆپىنچە تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى يىللىقتىكى «ماھىرلار» قاتنىشاتتى. ئاۋۋال «ئون زېرەك»، ئاندىن «بەش زېرەك»، ئاخىرىدا «چېمپىيون زېرەك» نى تاللاش بويىچە نەچچە تۈرلۈك سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى. «چېمپىيون زېرەك» نىڭ مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقاپ، ئۈستەل ئۈستىگە چىقىرىپ مۇكاپاتلايتتى. شۇ چاغدىكى «چېمپىيون زېرەك» كە بولغان ھەۋىسىم، ئالقىشلىرىم مۇشۇ دەمدە نادامەتلىك تۇيغۇلىرىم بىلەن روبىرو كېلىپ، يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ ئۆتتى.

ئادەتتە ھەممە سىنىپلار لېيفىڭدىن ئۆگىنىش روھى بويىچە ئۆزئارا رىقابەتتە ئىدى. دەرستىن سىرتقى ئىش ـ پائالىيەتلىرىمىز ئايدا بىر قېتىم خۇلاسىلىنىپ «لېيفاڭ روھىدىكى ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى» تاللىنىپ مۇكاپاتلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار «لېيفاڭ تاغىمىز»نىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى بولۇشىغا تەرپلەيتتى. ھەممە سىنىپتىكى باللار سىنىپ مەسئۇلىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن يول سۈپۈرۈش، تويلاڭلارغا سۇ سېپىش، چېقىق تاملارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن لاي خىش قۇرۇش... دېگەندەك ئىشلارنى كۆپ قىلاتتۇق. بەزىدە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ۋە ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، ئۆرۈق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارغا ياردەم قىلىش تاپشۇرۇقى بېرىلەتتى ھەم تاپشۇرۇقنى ئورۇندىغىنىمىزغا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئىسپات يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئاي ئاخىرىدا سىنىپ مەسئۇللىرى كوللېكتىپ ۋە ئايرىم ھالەتتە ئادا قىلغان ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ دوكلاتىنى ۋە ئىسپاتلىرىنى مەكتەپ رەھبەرلىرىگە تاپشۇراتتى. بۇلار ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىش، گۈزەل پەزىلەت

بولسمۇ بىزگە بەرگەن تەربىيە ئىلمىي ۋە توغرا ئەمەس ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ سۆپەتنى ئەمەس سانىنى قوغلىشاتتى. قىززىق يېرى كوللېكتىپ ئىش قىلىدىغان چاغدا ئاۋۋال قاتارغا تىزىلىپ :

ياخشى ئىشنى كۆرسەتتى بىزگە لېيفېڭ تاغىمىز،
جاپادىن ھېچ قورقماي ئىزنى بېسىپ ماڭىمىز.
سۆيۈپ ۋەتەن ـ خەلقنى خۇددى لېيفېڭ تاغىدەك،
ئەل قەلبىدە ھەردائىم مەشئەل بولۇپ يانىمىز.
.....

دېگەن قوشاقنى جاراڭلىق دېكلىماتسىيە قىلىپ «باشلاڭلار!» دېگەن بۇيرۇقتىن كېيىن ئىشىمىزنى باشلايتتۇق. بۇ ھال بىزدە ياردەم سۆيەر، ئەمگەك سۆيەر گۈزەل پەزىلەتنى ئەمەس، سىنىپىمىزنىڭ «لېيفېڭ روھىدىكى ئىلغار سىنىپ» بولۇش ئىشتىياقىنىلا قوزغايتتى.

مەن بەشىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. رامىزان كىرىشكە ئىككى كۈن قالغان كۈنى بەشىنچى، ئالتىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا توّت سائەت يىغىن ئېچىلدى. يىغىندىن مەقسەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ روزا تۇتىۋالماسلىقى ئۈچۈن «سىياسىي تەربىيە ئىشلەش» ئىدى. يىغىندا مەكتىپىمىزنىڭ سىياسى مۇدىرى ماۋزىدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جاڭ زېمىن ۋە ئۇلارغا سادىق بىر تالاي شەخسلەرنىڭ «ياخشى ئىشلىرى» نى بايان قىلغاندىن كېيىن روزا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:

— ئىلگىرى تۇرمۇش قەھەتچىلىكتە ئىدى، كىشىلەرنىڭ قورسقى تويغۇدەك تاماق تېپىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم بىر ئاي روزا تۇتۇپ ئازراق بولسىمۇ ئاشلىق تېجەشنى ئويلايتتى. ھازىر كۈنلىرىمىز باياشات، يېمەك ـ ئىچمەك كەڭتاشا. روزا تۇتۇش ئېشى يوقنىڭ ئىشى، ناماز ئوقۇش ئىشى يوقنىڭ ئىشى. بىز پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدە مۇشۇنداق ياخشى شارائىتلاردا بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. دىنىي خوراپاتلىققا جان ـ جەھلىمىز بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە روزا تۇتۇش سالامەتلىككە زىيانلىق، كۈندە ئۈچ ۋاقت تاماق يەپ كۆنگەن تۇرۇپ، تۇيۇقسىز چۈشلۈك تاماقنى قىسقارتىۋەتسەك ئاشقازىنىمىز بۇزۇلىدۇ، نېرۋىمىز ئاجىزلىشىدۇ...

يىغىن ئاخىردا ھەممىمىزنى بىرمۇ بىر تۇرغۇزۇپ، روزا تۇتماسلىققا ۋەدە ئالدى. ئىككى سىنىپتىكى سەكسەنگە يېقىن ئوقۇغۇچىنى نومۇر تەرتىپىمىز بىلەن چاقىرىپ، بىر قەغەزگە يېزىلغان «مەن كومۇنىزىمنىڭ ئاتلىق ئىز باسارى بولۇپ، دىنىنىڭ مائارىپقا سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمايمەن » دېگەن جۈملىنى بىر قېتىم ئوقۇتۇپ ئاستىغا ئىمزا قويدۇردى ۋە قىزىل سىيۇقلۇق بىلەن بارماق باستۇرۋالدى. ھەم بىر ئاي رامىزان ۋاقتىدا كۈندە ئىككى قېتىم يەيدىغان نېنىمىز بىلەن چاشكىمىز تەكشۈرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كەنتىمىزدە دېھقانلار رامىزانى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تالا ـ تۈزدىكى زۆرۈر ئىشلارنى رامىزان كىرگۈچە تۈگىتىۋېتىشكە ئالدىرىشاتتى. رامىزان ئۈچۈن دەپ بەس ـ بەستە قوي سويۇشاتتى.

ئۆز ـ ئارا ئېپتارلىشىش قىززىپ كېتەتتى. قىسقىسى رامىزاننى مۇھىم بىلىپ، رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشاتتى. ئەمما پارتىيە ئەزاسى بولغانلار، ئوقۇتقۇچىلار، يېزا ـ كەنت كادىرلىرى باشقىچە بىر دۇنيادا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كومپارتىيەگە ساداقەت كۆرسىتىپ روزا تۇتمايتتى. بەزىلىرى روزا تۇتۇشنى خالىسىمۇ تۇرلۇك بېسىم، نازارەت سەۋەبلىك تۇتالمايتتى. رامىزان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇچۇن مەكتەپتە رامىزانلىق چۈشلۈك تاماق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلارغا قايناق سۇ بېرىلەتتى، چۈشلۈك تاماق قايناق سۇ بىلەن نان بولاتتى. پارتىيە ئەزاسى بولغان ياكى پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرگە ئىسمى يېزىلغان كادىرلارنىڭ رامىزانلىق چۈشلۈك تامىقى كەنتنىڭ «ھۆكۈمەت ئىشخانىسى» دا بىر تۇتاش بولاتتى. بۇ قائىدە ـ تۈزۈم پەقەت رامىزان ئېيىدىلا بار ئىدى. باشقا يېزا ـ كەنتلەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىشىپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

رامىزان ئېيى كىرىش بىلەن تەك سىياسي ئۇگىنىش ۋاقتىمىز كۆپىيىپ، ھەر كۈنى بىر سائەت سىياسى ئۇگىنىش قىلىدىغان بولدۇق. تۈزۈم بويىچە نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچى چۈشتىن بۇرۇن بىر قېتىم چۈشتىن كېيىن بىر قېتىم سىنىپىمىزغا كىرىپ نانلىرىمىز بىلەن ئىستاكانلىرىمىزنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. نانلىرىمىز چۈشتىن بۇرۇن پۈتۈن، چۈشتىن كېيىن يېرىم بولۇشى كېرەك ئىدى. نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرگەن ھامان ھەممىمىز نان بىلەن چاشكىلىرىمىزنى پارتىمىزنىڭ ئۈستىگە قوياتتۇق. ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، يوقلىمىغا بەلگە قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. ھېچقاچان تامىقىمىزغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان مەكتەپتە رامىزان ئېيى بولسىلا ھەر كۈنى سىنىپلارغا نەچچە چايدان قايناق سۇ بېرىلەتتى. رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا قايناق سۇمۇ بېرىلمىگەچكە، رامىزان كۈنلىرىدە روزا تۇتمىغان بالىلار بۇ نېئمەتنى قەدىرلەپ ھەر سائەتلىك تەنەپپۇستا بەس ـ بەستە نان يېيىشەتتى، چاي ئىچىشەتتى. تۆۋەنكى يىللىقلاردا روزا تۇتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوق بولۇشى ئېنىق. شۇ يىللاردا بەشىنچى، ئالتىنچى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا روزا تۇتىدىغانلار ئوتتۇز پىرسەنت ئەتراپىدا بولغانلىقى پەرەز قىلىمەن. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى 30 كۈن روزىنى تولۇق تۇتمايتتى. روزىنى تولۇق تۇتىدىغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى. ئۆيدە ئاتا ـ ئانىلار كىچىك دەپ روزا تۇتۇشقا زورلىمىغان ۋە مەكتەپتە كۆپ بالىلارنىڭ روزا تۇتمايدىغان بولۇشى، ئاساسلىقى روزا تۇتماسلىق تەشۋىقاتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، نۇرغۇن بالىلارنى روزا تۇتۇشتىن قاچۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئالتىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ شۇنداق بولدى. بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن نان تەكشۈرۈلمەي قالدى، مەن ئەكەلگەن نېنىمنى روزا تۇتمىغان بالىلارغا بېرىۋېتىپتىمەن. چۈشتىن كېيىن قايتىشقا ئاز قالغان چاغدا مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمي مۇدىرى نان تەكشۈرگىلى كىردى. بەشىمىزنىڭ نېنىمىز يوق چىقتى. نانىنى يەپ بولغانتىم دېگەنلەرگىمۇ ئىشەنمىدى ۋە نېنى يوق بەشىمىزنى سىنىپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئاچچىقلاشقا باشلىدى:

— ھەر كۈنى نان تەكشۈرۈلىدىغىنىنى ئۇقۇشامتىڭ؟ ناۋادا مۇشۇنداق پەيتتە يوقىرىدىن تەكشۈرۈشكە كەلسە قانداق قىلىشاتتىڭ؟ قائىدە ـ تۈزۈمنى قاچانغىچە بىلىپ بولۇشمايسەن ؟ ... دەپ دەرس مۇنبىرىگە نەچچىنى مۇشتلاپ سىنىپ ئىچىنى كەپتەرخانىغا مۇشۇك كىرگەندەك قىلىۋەتتى. ئاخىرىدا:

— ماڭ نان تېپىپ كېلىش قەلەندەرنىڭ باللىرى، دەپ بىزنى سىرتقا ھەيدىدى. شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئەڭ چەتتە تۇرغان مېنى دۈمبەمدىن قاتتىق ئىتتىرىپ سىرتقا چىقىرۋەتتى. ئىلمىي مۇدىرلىق مەنسىپىدە ئولتۇرغان ئۇ «مەخلۇق» نىڭ تىلى ۋە قولىدىن كەلگەن زۇلۇم ۋە ئازابىنى ھېچ ئۇنتالمايمەن. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكى چىقىشىم بىلەن تەڭ قېرىشقاندەك ئۇ ئىلمىي مۇدىرمۇ مەن چىققان تولۇقسىز ئوتتۇرام مەكتەپكە يۆتكىلىپ قېلىپ، بىزگە ئالگېبىرا، گېئومېترىيە دەرسلىرىنى بەرگەن ئىدى. ئەنە شۇ ئازارى سەۋەبلىك مەن ئۇ دەرسلەرنى قىزىقىپ ئۆگىنەلمىگەن، بىر مەزگىل ئومۇمىي دەرسلەردە خېلىلا چېكىنىپ كەتكەن ئىدىم.

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئەڭ چوڭ ئۈمىدىمىز ھەر ئايدا «قىزىل بايراقدار ئوقۇغۇچى» بولۇش ئىدى. بىرىنچى يىللىقتىن ئالتىنچى يىللىققىچە بولغان ھەممە باللار ئۆز سىنىپىدىكى باللار بىلەن رىقابەتلىشەتتى. دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش تۈگۈل، سىياسىي ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەنرەك بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچىمۇ بايراققا ئېرىشەلمەيتتى. بايراققا ئېرىشىشتە سىياسىي ئۆگىنىشكە تولۇق قاتنىشىش، كونسىپىك قالدۇرۇش ۋە يادلاش ئۈچۈنمۇ بەلگىلەنگەن نومۇر چېكى بار ئىدى. بىر بايراققا ئېرىشىش ئۈچۈن نەچچە تۈرلۈك تۈزۈمگە قارا قويۇق بويسۇناتتۇق.

ھەر يىلى بىرىنچى ئىيۇن باللار بايرىمى كۈنى مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار بايراقچىغا (بايراق كۆتۈرۈپ سەپ ئالدىدا ماڭغان بالا) ئەگىشىپ «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى !!!» دەپ ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم شۇئار توۋلاپ، مۇشتۇملىرىمىزنى ئاسمانغا ئېتىش قائىدىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت پارتىيەنى، بايراقنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇنلىغان قىزىل ناخشىلارنى ئۆگىنەتتۇق. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن يېنىپ، ھەممە سىنىپ «ناخشا باشلىقى» نىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن شۇ قىزىل ناخشىدىن بىرىنى ئېيتقان ھالەتتە سىنىپلىرىمىزغا كىرەتتۇق. دەرس سېتكىمىزدە ھەپتىدە بىر سائەت مۇزىكا دەرسى بار ئىدىيۇ، لېكىن بىز ئالتە يىل ئىچىدە بىرەر تال نوتا ياكى بىرەر مۇزىكىدىن تەلىم ئېلىپ باققان ئەمەس. مۇزىكا دەرسىمىز مەكتەپتە ئومۇمىي خورغا ئايلىنىپ كەتكەن قىزىل ناخشىلارنى ئۆگىنىش، تەكرارلاش بىلەنلا ئۆتەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگەنگەن ناخشىلاردىن بىرىنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيمەن. ئۇنىڭ تېكستى مۇنداق ئىدى :

قىپقىزىل بايراق،
مەن ساڭا ئامراق.
دىلىمدا سۆيگۈڭ،
قاينايدۇ ھەر ۋاق.
قىپقىزىل بايراق،
شان ـ شەرەپ پارلاق.
شەنىڭگە ناخشا،
ئوقۇيمەن ياڭراق.

قىپقىزىل بايراق،
قىزىل گۈل خۇشپۇراق.
قاراڭغۇ دىللارغا
گويا نۇر - چىراق.

ھېس - تۇيغۇلىرىمىز پاك، قەلبىمىز سۈزۈك مەسۇم دەۋرىمىزدە مائارىپ تەربىيىسىدىن ۋۇجۇدىمىزغا سىڭگەن سۆيگۈ - مۇھەببەت، ھۆرمەت - ساداقەت مانا مۇشۇنداق قىزىل كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاڭقاۋلارچە ساداقەت كۆرسىتىدىغان مۇرتلار سۈپىتىدە تەربىيىلىنىش ئىدى.

قەدىرلىك ئاتا - ئانام مەكتەپتە كۆرگەن - ئاڭلىغان باتىل ئەقىدىلەرگە، دىنسىزلىققا چاقىرىش تەشۋىقاتلىرىغا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشۇمنى تاپىلاش بىلەن بىرگە، باشلانغۇچقا كىرگەن ۋاقتىمدىن باشلاپلا ئەتىگەن - ئاخشامدا، دەم ئېلىش - تەتىل كۈنلىرىمدە ۋاقىت چىقىرىپ ماڭا ھەپتىيەك ئۆگىتىشنى باشلىغان ئىدى. بەزى دىنىي كىتاپلارنى ئارىلاپ ئوقۇپ بېرەتتى. باشلانغۇچ ئۈچىنچى يىللىقىدىكى ۋاقتىمدىلا قۇرئاننى راۋان ئوقۇيالىغۇدەك بولغان ئىدىم. باشلانغۇچنىڭ بەشىنچى يىللىقىدىن، يەنى ئون ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى باشلىغان ئىدىم. ئەمما، دىنىي ئىبادەتلىرىم توغرىلىق مەكتەپتە ھېچكىمگە تىنمايتتىم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم. نېمىنى ئاڭلىساق، نېمىنى كۆرسەك قەلبىمىزگە مەھكەم ئورنايدىغان، نىيەتلىرىمىز ساپ، شۇملۇق، يامانلىقنى ھېچ بىلمەيدىغان گۈزەل بالىلىق دەۋرىمىزدە ئەقىدە - ئېتقادىمىزغا قىلىنغان رەزىللىك، تاجاۋۇزچىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە تېخىمۇ بەتتەرلەشتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى كەنتنىڭ بالىلىرى ئورتاق ئوقۇيتتۇق. تولۇقسىز بىرىنچى يىللىققا قەدەم قويۇشىمىز بىلەن تەڭ مەكتىپىمىزدە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ 23 خىل ئىپادىسى» نى ئۆگىنىش دولقۇنى ئەۋج ئالدى.بۇ خىل سىياسىي ئۆگىنىش ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغىلا ئەمەس، كەنتتىكى دېھقانلارغىمۇ بار ئىدى. دېھقانلار ھەركۈنى ئەتىگەندە ئۆز مەھەللىسىدىكى مەھەللە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە «ئۆگىنىش» كە باراتتى. مەن ئانامدا ئايرىم، دادامدا ئايرىم كونسىپىك بارلىقىنى، كادىرلار سورايدۇ، دەپ ئاشۇ كوممۇنىستىك نىزامنامىلەرنى ئۆيدە يادىلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ 23 ئىپادىسى» يەنە مەسجىد، مەكتەپ، كەنت مەمۇرىيىتى تاملىرىغا يېزىلغان ئىدى. بۇ 23 خىل ئىپادىدىن ئېسىمدە قالغانلىرى «دىندىن پايدىلىنىپ شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مالمۈلكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش؛ باشقىلارنى دىنغا كىرىشكە، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش دېگەن ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاش؛ رامزان ئېيىنى باھانە قىلىپ ئاممىنىڭ تىجارەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش؛ ئايرىم ياكى توپلاشقان ھالەتتە دىنىي مەزمۇندىكى كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈش؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەشكىللەش ۋە باشقىلار تەشكىللىگەن سورۇنلارغا بېرىش؛ دىنىي تۈستىكى ئۇن - سىن بويۇملىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش؛ ئاياللار چۈمبەل ئارتىپ، قارا ھىجاپ كىيىپ يۈرۈش؛ ئوقۇغۇچىلارنى ناماز ئوقۇشقا، ئائىلىدە دىنىي دەرس ئۆگىنىشكە، روزا تۇتۇشقا، دىنىي تۈس

ئالغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشكە كۈشكۈرتۈش؛ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق يىغىلىشلاردا ۋەز - تەبلىغ قىلىش...» قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى ۋە تۈرلىرى بويىچە كونسېپىك يازاتتۇق. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىسى بولۇشى شەرت ئىدى. خاتىرە دەپتىرىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشى، يىرتىلىپ كېتىشى ھەتتاكى قالايمىقان خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇشىمۇ خەتەرلىك بىر ئەھۋال ئىدى. ھەر كۈنلۈك بەلگىلەنگەن مەزمۇننى يادلاپ ئۆتكۈزۈپ بەرمىگۈچە ئۆيگە قايتالمايتتۇق. سىنىپتىكى باللار تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىلغان، ھەر بىر گۇرۇپپىغا بىردىن گۇرۇپپا باشلىقى سايلانغان ئىدى. بەزى كۈنلىرى گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا، بەزى كۈنلىرى سىنىپ مەسئۇلىمىزغا كۈنلۈك ۋەزىپىمىزنى يادلاپ بېرىپ قايتاتتۇق. يادلاش ئەھۋالىمىز يوقلىما قىلىناتتى، نومۇر قويۇلاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت مەكتەپ رەھبەرلىرى پات - پات سىنىپلارنى ئارىلاپ كىرىپ ئۆزى خالىغان ئوقۇغۇچىدىن سىناق ئېلىپ تۇراتتى. مەسىلەن «يەتتىنچى ئىپادە قايسى؟ ئۇ قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟ ئوقۇغۇچىلار روزا تۇتسا بولامدۇ؟... » دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بىلەن سىياسىي ئۆگىنىش ئەھۋالىمىزنى ئىگەللەپ تۇراتتى. رەھبەرنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرەلمەسلىك ئوقۇغۇچىغىلا ئەمەس، سىنىپ مەسئۇلىمىزغىمۇ جازا بېرىلىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئەگەر سوئال سورالغان ئوقۇغۇچى رەھبەرگە يارىغۇدەك جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆرە تۇرۇپ دەرس ئاڭلاش، جاۋاب بېرەلمىگەن سوئالنى ئون - ئون بەش قېتىم كۆچۈرۈپ يېزىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن جازالىناتتى. سىنىپ مەسئۇلىمىزنىڭ «سىياسىي ئۆگىنىشنى ئۆزلەشتۈرۈش» نەتىجىسىدىن نومۇر كېسىلەتتى. بۇ خىل سىياسىي ئۆگىنىش بېسىمى بىر يىلدىن ئارتۇق ئىزچىل داۋاملاشتى.

ھەر ھەپتىلىك بايراق چىقىرىش مۇراسىمى تېخىمۇ داغدۇغىلىق، ئاكتىپ ھالەتتە ئۆتكۈزۈلۈشتىن سىرت روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىمۇ ھېيت نامىزىغا قاتنىشىۋالماسلىق، ئىسلام شەرىئىتىدىكى بەزى دىنىي ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھېيت كۈنى ئەتىگەندە يىراق - يېقىندىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بايراق چىقىرىش ئۈچۈن ئاتايىتەن مەكتەپكە كېلىشى شەرت ئىدى. يەنە تېخى قىشلىق ۋە يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدىغان كۈنى تەتىل مەزگىلىدە ھېچقانداق دىنىي پائالىيەتكە قاتناشماسلىق ئەھدىنامىسىگە قول قويدۇرۇۋالغاندىن سىرت، بىر مەھەللىلىك باللار ھەر كۈنى «گۇرۇپپا باشلىقى» بولغان بالىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تەتىل تاپشۇرۇقلىرىمىزنى تەڭ ئىشلەشكە، ئۇنىڭدىن سىرت ھەر جۈمە كۈنى مەكتەپكە كېلىشكە مەجبۇر ئىدۇق. تەتىل ۋاقتلىرىدا كەنتتىن بىر قانچە كۈنلۈك ئايرىلىدىغان ئىشىمىز بولسا ئوقۇتقۇچىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ رۇخسەت ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. تەتىلدە ھەر كۈنى ئۈچ - تۆت سائەت گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ ئۆيىدە بولاتتۇق. جۈمە كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن توققۇزلاردىن چۈشتىن كېيىن ئىككى - ئۈچ بولغۇچە مەكتەپتە تۇراتتۇق. ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرسى نۆۋەتچىلىك قىلاتتى. شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بەزىدە سەنئەت، بەزىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتۇق. بەزىدە قارتا ئويناش، گازىر چېقىش، قۇرۇق پاراڭ سېلىش بىلەن بىھۇدە ۋاقت ئۆتكۈزەتتۇق. شۇ چاغلاردا

ئۆيدىكىلەر «مەكتەپ بالىلىرىغا تەتىلدىمۇ ئارامچىلىق، ئازادچىلىك يوقكەن.ھېلىمۇ ياخشى قۇرئان ساۋادىنى بولسىمۇ چىقىرۋاپتىكەنمىز» دېيىشىپ كېتەتتى. دېمىسىمۇ مەكتەپنىڭ تەتىل تاپشۇرىقىنى كوللىكتىپ ئىشلەشكە، ھەر جۈمە كۈنى مەكتەپكە يىغىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىشى، ئېنىقلا بالىلارنى ئۆز ئائىلىسىدە ياكى دىنىي ئوقۇتۇش سورۇنلىرىدا دىنىدىن ساۋاق ئېلىش، ئوغۇللارنى جۈمە نامىزىغا قاتنىشىشتىن توسۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىدى. مەكتىپىمىزدىكى بۇ تۈزۈمنىڭ شەھەردىكى مەكتەپلەردە يوقلۇقىنى بىز شۇ چاغدىلا بىلگەنتۇق. لېكىن مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققان يىلىدىن باشلاپ يېزىمىزدىكى بارلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەتىل تۈزۈمى مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى.

تولۇقسىز 2 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا رامىزانغا ئىككى كۈن قالغان كۈنى مەكتىپىمىزگە شەھەر ۋە يېزىلىق مەركىزى ئوتتۇرا مەكتەپ رەھبەرلىرىدىن بولغان باھالاش ھەيئىتى كەلدى. ئۇلاردىن بىرى بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ «رامىزان قاچان كىرىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مەن «ئۆگۈنلۈككە» دەپتىمەن. رەھبەرنىڭ يېنىدا تۇرغان سىنىپ مەسئۇلىمىز جاۋابىمنى ئاڭلاپلا ماڭا كۆزلىرىنى بەك سەت چەكچەيتتى. مەن گەپ قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، مۇئەللىمنىڭ تەنقىدىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئويلىغىنىمدەك، رەھبەر چىقىپ كېتىشى بىلەنلا مۇئەللىم ئاچچىقلىنىشقا باشلىدى:

— گەپ قىلمىسىڭىز سىزنى گاچىكەن، دەپ قالماستى. باشلانغۇچنىڭ بالىلىرى جېنىدا نېمە دېيىشنى بىلىدۇ. مۇشۇ ئاقساقاللىقىڭىز تۈپەيلىدىن بېشىمغا بالا كەلسە راۋۇس دېيىشىمەن سىز بىلەن ...

مۇئەللىمنىڭ قاتتىق گېپىنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتىم. ئەسلىدە مەن ئوقۇغۇچىلار روزا تۇتمايدۇ، رامىزاننىڭ قاچان كىرىشىنى بىلمەيمىز، دېيىشىم كېرەك ئىكەنتۇق. ئۇ كۈنلەرنى ھەر ئويلىسام سىياسىي مەھكۇملۇقنىڭ چىن ئەقىدىمىزگە، ساپ قەلبىمىزگە سالغان زىدىلىرى ھېلىھەممۇ يۈرۈكمنى تاتىلايدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدىكى رامىزان كۈنلىرىمۇ كۈندە دېگۈدەك نان ۋە ئىستاكانلىرىمىزنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈش، سىياسىي ئۆگىنىش ئالۋىڭىدىن قۇتۇلالماسلىق بىلەن ئۆتتى. تېخى رامىزان ئېيىدا ھەپتىدە بىر كۈن «مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى» ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆگىنىش مۇھىم بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» دېگەن خىتايچە ناخشا «مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى»نىڭ ئومۇمىي خورى ئىدى. شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن بىرنى ھازىرغىچە نەپرەت بىلەن ياد ئېتىپ تۇرىمەن. ئۇ رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە نان بىلەن چاشكىلىرىمىزنى تەكشۈرۈپلا بولدى قىلماي، ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا بىرمۇ بىر كېلىپ نان يېگۈزۈپ، چاي ئىچكۈزۈپ روزىمىزنى بۇزىۋەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا روزا تۇتىدىغان بالىلار خېلى كۆپ ئىدى. روزىدار بالىلار مەن مانچە كۈن روزا تۇتتۇم دېيىشىپ پەخىرلىنەتتۇق. شۇ كۈنىمۇ كەمىدە يىگىرمىدەك بالىنىڭ روزىسى بۇزۇلغان ئىدى.

مۇشۇ ئوقۇتقۇچىمىز يەنە تېخى «مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى» دە ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن هالقىپ بىر قىز بىر ئوغۇلنى جۈپلەشتۈرۈپ بىرمۇ بىر تانسا ئويناتقۇزغان ئىدى. قىزلار تۇگۇل بەزى ئوغۇللارمۇ تارتىنىپ ـ ئەندىكىپ بىئارام بولىۋاتقانغا پەرۋا قىلماي «ئوغۇللارنىڭ ئوڭ قولى قىزلارنىڭ بېلىدە، قىزلارنىڭ ئوڭ قولى ئوغۇللارنىڭ مۈرىسىدە بولىدۇ، سول قوللار ئۆز ئارا تۇتىشىدۇ ...» دەپ سۆزلەپ، ئۆزى ئويناپ كۆرسىتىپ ئىككى سائەت تانسا ئۆگەتكەن ئىدى. قورۇنۇپ، قىزىرىپ، تىترەپ تۇرۇپ تانسا ئويناۋاتقان بەزى قىزلارنى، ـ ئوغۇللار بېلىڭلارنى چىمدىۋالمىغاندۇ؟ بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئويناڭلار... دەپ مەسخىرە قىلغان ئىدى. شۇچاغدا ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن مەن تانسا ئويناۋېتىپ نومۇستىن يىغلاپ سالسام، «تانسا ئويناش مۇشۇنداق تەسىرلىك، بەزىلىرىڭلارنى يىغلىتىۋېتىدۇ» دەپ بىزەڭلەرچە كۈلگەن ئىدى. «مەكتەپ دېگەن ئۆگىنىش سورۇنى، بۇ يەردە ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىمىز، تانسا ئويناشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇش كېرەك...» دەپ تەربىيە قىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇئەللىمنىڭ زورلىشى بىلەن ئوينالغان تانسا باشقا سىنىپتىكى بالىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، كىم بىلەن كىمنىڭ بىللە تانسا ئويىنىغانلىقى مەكتەپ ئىچىدە مۇنازىرە قوزغىغان، بىللە تانسا ئويىنىغانلارنى چېتىشتۈرۈپ مازاق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى چىرايلىق تۇتالماي ئايالىدىن ئاجرىشىپ، بىر بالىسىنى يېتىم قىلىپ يۈرىۋاتقان شۇ مۇئەللىمنىڭ مەجبۇرى ئويناتقان تانسىسى، بەزى نومۇسچان قىزلارنىڭ ئەدەبلىك ئوغۇللارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزگەندىن سىرت، بىللە تانسا ئويىنىغان بىر نەچچە «جۈپ»نىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت ئىشىكى ئېچىپمۇ قويغان بولدى. ئىشقىلىپ ئۇ تانسا بىر مەزگىل سىنىپ كوللېكتىپىمىز ۋە خېلى كۆپ ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ سەلبىي ئوبرازىنى ياراتقان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىدىن نېمانداق قورقىدىغان بولغۇيتتۇقكىن، شۇ ئىش ئېسىمگە كەلسىلا قەيسەرلىك بىلەن مۇئەللىمنى خىجىل قىلغۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ قىلىۋېلىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتكەن بولسامچۇ، دەپ ئۆكۈنىمەن.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ هاياتىمدا ئېسىمدىن چىقمايدىغان يەنە بىر ئىش — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەككە سېلىنىشى ئىدى. ئەمگەك باشلانغۇچ ۋاقتىمىزدىمۇ ئاندا ـ ساندا بولاتتى، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپتە كۆپ ھەم جاپالىق بولغان ئىدى. ھەممە سىنىپنىڭ مەكتەپ مالىيەسى ئۈچۈن مۇئەييەن پۇل تېپىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يازلىق ۋە كۈزلۈك تېرىلغۇ پەيتىدە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا چىقىپ بۇغداي ئورۇش، باشاق تېرىش، ئەمەن يۇلۇش، قوناق ئورۇش، قوناق سويۇش، پاختا تېرىش، غوزا ئۈزۈش دېگەندەك ئەمگەكلەرنى قىلاتتۇق. يەر ئىگىلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەمگىكىمىزنىڭ سودىسى تالاش ـ تارتىش قىلىناتتى. ھەم مەكتەپ باغچىسىغا دەل ـ دەرەخ تىكىش، گۈل تېرىش ۋە باشقا ھەر خىل ئەمگەكلەر بولاتتى. ئەمگەك بولسا بولسۇن، مېنىڭ دېگۈم كېلىۋاتقىنى شۇنداق چاغدىمۇ كومپارتىيەنى كۈيلەيدىغان، كومۇنىزمنى ئۇلۇغلايدىغان قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىش، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش توختاپ قالمايتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇزاقراق يەرلەرگە ئەمگەككە بارساق، يولدا ماڭغۇچە قاتار بولۇپ ناخشا ئوقۇپ ماڭاتتۇق.

ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بەك بىچارە ئىدى. مەكتەپتە بىزگە يۇقىرىقىدەك سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلغاندىن سىرت، رامىزان ئېيىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە كەنتتىكى پارتىيە ئەزاسى بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ تاراۋىھ نامىزىغا قاتنىشىپ قېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەر قايسى مەھەللىدىكى مەسچىتلەر ئالدىدا نۆۋەتچىلىك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە مەسچىتكىمۇ پەقەت يۇۋاش، ساددا دېھقانلارلا باراللايتتى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، كادىر ـ ئەمەلدارلار ياكى ئىلگىرى پارتىيە ئەزاسى بولۇپ قالغانلار ياش ـ قېرى ئايرىلماي مەسچىتتىن مەھرۇم ئىدى. رامىزان كەچلىرىدە ئەر ئوقۇتقۇچىلار مەسچىت ئالدىدا نۆۋەتلىشىپ ئولتۇراتتى. بىزنىڭ يۇرتتا ئاياللار مەسچىتكە بارىدىغان، قەدىر كېچىسىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋاللار قەتئىيلا يوق ئىدى. تاراۋىھ نامىزىمۇ قىسقا سۈرىلەر بىلەن تېزلا ئاخىرلىشاتتى. ئوقۇتقۇچىلار يەنە تەتىل مەزگىللىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي تەلىم بېرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن «قارىم، ئاخۇنۇم» ئاتىقى بار كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولاتتى. ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن ھەممە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىگە قوشنا ياكى يېقىن ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان «دىنىي زات»لارنىڭ ئائىلىسىگە كۆپ كىرىپ ـ چىققۇچىلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش، سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. «پارتىيە بۇيرىسا، پارتىيە خالىسا...» دەپ گەپ قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى.

بىر قېتىم بىر ئەر مۇئەللىم يەنە بىر دوستۇم بىلەن مېنى پوچۇركاڭلار چىرايلىق، بىر دوكلاتىمنى يېزىشىپ بەرسەڭلار، دەپ ئىككى خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ خاتىرە دەپتەرنىڭ بىرسى مەكتىپىمىزدىكى يەنە بىر مۇئەللىمنىڭ دوكلاتى بولۇپ، بىز مۇئەللىم دېگەن قىسمەن يەرنى ئۆزگەرتكەن ئاساستا شۇ خاتىرىرىگە يېزىلغان دوكلاتنى كۆچۈرۈپ يېزىشقا بۇيرۇلدۇق. دوكلاتنى ئىككى كۈن تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ بەردۇق. ئۇ دوكلاتنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالغان ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ تەس كۈندە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم. دوكلاتنىڭ ئاساس مەزمۇنىدىكى قىسمەن نۇقتىلار ھېلى ھەممۇ ئېسىمدە بار. تۆۋەندە تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئۆزۈم كۆچۈرگەن دوكلاتنىڭ ئېسىمدە قالغان جايلىرىنى ئۆز پېتى نەقىل قىلىشنى لايىق كۆردۈم«

XX ـ XX ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش يىلىدىكى سىياسىي خىزمەتلەردىن دوكلات

مەن XX مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى XX بولىمەن. XX ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن. بۇ بىر يىل ئىچىدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئادا قىلدىم:

1 ـ مەكتەپنىڭ ھەر ھەپتىلىك سىياسىي ئۆگىنىشىگە تولۇق قاتنىشىپ، خاتىرە قالدۇردۇم.

2 ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدۈم. خاتىرە قالدۇرۇشىغا ئىزچىل مەسئۇل بولدۇم.

3 ـ «11 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنەيلى» تېمىسىدا ئون بەتلىك ماقالە يازدىم.

4 ـ ئۆز سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارغا توّت قېتىم «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ 23 خىل ئىپادىسى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردۇم. ئۈچ ئوقۇغۇچۇم مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلاندى.

5 ـ ئوقۇغۇچىلىرىمغا باش شۇجى جىياڭ زېمىننىڭ « جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى » تېمىدىكى دوكلاتىنى ئوقۇپ بەردىم ۋە تەسىرات ماقالىسى يازغۇزدۇم.

....

يۇقارقى خىزمەتلەر بىلەن پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاپ قايتۇرالىغىنىمدىن خۇشالمەن.

بۇ بىر يىل ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك خاتالىقلارنى سادىر قىلدىم :

1 ـ « 11 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش » پائالىي تەشۋىقات ماقالىسىنى ئۈچ بەت كەم يېزىپ قالدىم.

2 ـ چوڭ دادامنىڭ مېيت نامىزىغا قاتنىشىپ قالدىم.

3 ـ دەرستە ئاجىز توّت ئوقۇغۇچۇمغا «پارتىيەم ـ سەن ھاياتىم، سەن بەختىم» شېئىرىنى يادلاتقۇزالمىدىم.

....

مەن بۇ يىللىق تەجرىبىلىرىم ئارقىلىق سىياسىي ئېڭىمنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئىلغار فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئىدىيە ھەركىتىگە ئاڭلىقلىق بىلەن بويسۇنۇپ، پارتىيە مەركىزى كومىتېت بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش، دىنىنىڭ مائارىپقا سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، توغرا مائارىپ ئىدىيىسى تۇرغۇزۇش، ماركسىزىملىق ئىدىيىۋى سەۋىيەگە يېتىش... قاتارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن.

XX ـ يىلى XX ـ ئاينىڭ XX ـ كۈنى يېزىلدى.

مانا بۇ 15 يىل ئىلگىرىكى بىر ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئون نەچچە بەتلىك دوكلاتىدىن مېنىڭ ئېسىمدە قالغان قىسمى.

مەن توققۇز يىللىق مەجبۇري مائارىپنى تۈگەتكەن يىلى يېزىمىزدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن، توي قىلمىغان قىزلانى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەشۋىقات بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قۇلىقىغا خوش يېقىپ، قىزلىرىنى پۇل تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە ئەۋەتمەكچى بولۇشتى. يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن قىزلىرىنى ياتلىق قىلىۋېتىش ئارقىلىق بۇ سىياسەتتىن قېچىشقا ئۇرۇندى. 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ئۈچ قىز يېزىمىزدىكى 14 كەنت، 92 مەھەللىرىدىن تولانغان تۆۋنى

14 ياش، يۇقىرىسى 21 ياش ئارىسىدا بولغان ئاتمىش نەچچە قىزغا قوشۇلۇپ ختاينىڭ شەندوڭ، چېخداۋ ئۆلكىلىرىگە تەنتەنە بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە قانداق خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇلار بىر كەتكەن پېتى 10 ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. مەن تونۇيدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزلارنىڭ ھېچقانچە پۇل تاپالمىغانلىقىنى، ئىچكىرىگە ئەۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېيتىشقانتى. ئېسىمدە قېلىشچە قىزلارنى ئىچكىرىگە ئەۋەتىش سىياستى ئىككى يىل ئىختىيارى، ئۈچىنچى يىلدىن باشلاپ مەجبۇري بولدى. كادىرلار بېكىتكەن قىزلار ئۆزى ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقى ئېتىبارسىز ھالەتتە ئىچكىرىگە ئەۋەتىلدى.

تەھرىرلىگۈچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن سوغۇق ئۇرۇشقا كىرىشتىن ساقلىنىشى

كان خالىنان

# ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن سوغۇق ئۇرۇشقا كىرىشتىن ساقلىنىشى

## بايدېنىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ خىرىس:
## خىتاي بىلەن بولغۇسى سوغۇق ئۇرۇشتىن ساقلىنىش

**كان خالىنان**

**تەيۋەن بىلەن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى) توقۇنۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان نۇقتىلاردۇر، لېكىن توقۇنۇش ئاقىلانە تاللاش ئەمەس.**

پىرېزىدېنت جوۋ بايدېنىنىڭ ھۆكۈمىتى بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. لېكىن، تاشقىي سىياسەت جەھەتتە، مەزكۇر ھۆكۈمەت دۇچ كەلگەن ئەڭ جىددىي مەسىلە، ئۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ (ئامېرىكا ــ خىتاي ئارىسىدىكى) سودا، بىخەتەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى يا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشقا ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ، ياكى ئامېرىكانى كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە يادرو ئۇرۇشى قاتارلىق مەۋجۇت تەھدىتلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان، تەننەرخى يۇقىرى ۋە ئۇتۇپ چىققىلى بولمايدىغان سوغۇق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىدۇ.

بۇنىڭ (يەنى خىتاي بىلەن بولغۇسى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ) خەۋپى پەۋقۇلئاددە زور بولۇپ، ۋاشىڭتون بۇ جەھەتتە خاتا قەدەم ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى تۇسالغۇ ترامپ ھۆكۈمىتى پەيدا قىلغان دۈشمەنلىك كەيپىياتى بولىدۇ. سابىق دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو خىتاي كومپارتىيەسىنى ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئاساسلىق دۈشمىنى دەپ بېكىتىش ئارقىلىق، خىتاينى ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىشكە چاقىردى. دىپلوماتىك تەبىر نۇقتىسىدىن، بۇ «ئاداققىچە كۈرەش قىلىش» دېگەنلىكتۇر. گەرچە ترامپ ۋاشىڭتون بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما (بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى) نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلار

70 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. ئەگەر بۇ ئىككى تەرەپ ۋەزىيەتنى يۇمشاتماقچى بولسا، چوقۇم ئاشۇ تارىخنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

لېكىن، بۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. ئىككىلا دۆلەتتىكى ئەل رايىنى سىناش نەتىجىلىرى، ھەر ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ھەر ئىككى دۆلەتتە ئاسانلىقچە تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ختايلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئامېرىكا ختاينى چەتكە قاقماقچى، (ختايغا) دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئىتتىپاقداشلىرى ئارقىلىق ختاينى قورشاۋغا ئالماقچى ۋە ئۇنىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى» دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن ئامېرىكالىقلار ختاينى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى مائاشلىق سانائەت خىزمەتلىرىنى تارتىۋالغان مۇستەبىت زومىگەر دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككىلا خىل كۆز قاراشنىڭ قىسمەن توغرا تەرەپلىرى بار. مەسىلىنىڭ زىل تەرىپى ــــ قانداق قىلىپ، بەزى رېئال پەرقلەر ئارقىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتۇر.

ئىمپېرىيەنىڭ خەۋپى ۋە جەنۇبىي ختاي دېڭىزى

ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىغا قويۇپ بېقىش نىسبەتەن ياخشى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانىيەت تارىخى خاتىرىلىنىشكە باشلىغاندىن بۇيانقى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ختاي دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي سەركىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەمما 1839 ـ يىلىدىكى بىرىنچى ھېرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكادىن ئىبارەت مۇستەملىكىچى كۈچلەر ختاي بىلەن بەش قېتىم چوڭ كۆلەملىك، نۇرغۇن قېتىم كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىپ، ختاينىڭ پورتلىرىنى ئىگىلىۋالدى ۋە ئۇلارنى (تەڭسىز) سودا كېلىشىملىرىنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. ختايلار ھېچقاچان ئاشۇ قاراڭغۇ يىللارنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. (شۇ ۋەجىدىن) بۇ تارىخنى نەزەرگە ئالمىغان ھەر قانداق دىپلوماتىك ئۇسۇلنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بۈگۈنكى ئەڭ قىيىن ۋە خەتەرلىك سۈركىلىش نۇقتىسى ــــ كۆلىمى 1 مىليون 400 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جەنۇبىي ختاي دېڭىزىدۇر. ختاي، ۋېيتنام، ھىندونوزىيە، بورنېئو، برۇنېي، تەيۋەن ۋە فىلىپپىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دېڭىز بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇ ئاساسلىق سودا يولى بولۇشتىن سىرت، تەبىئىي بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مول.

ختاي ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى كەچمىشىنى دەستەك قىلىپ، مەزكۇر دېڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار 2014 ـ يىلىدىن باشلاپ، مەزكۇر

رايونىنى شاھمات ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاش قورشاپ تۇرغان (بىرىنچى) ئارال زەنجىرى (**first island chain** ـــ بىرىنچى ئارال زەنجىرى شەرقىي ئاسىيانىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىدىكى، شىمالدا ياپونىيە ۋە ريۇكيۇ ئارىلىدىن باشلاپ، جەنۇبتا فىلىپپىن ۋە چوڭ سۇندا ئارىلىغىچە بولغان زەنجىر شەكىللىك ئارال بەلبېغى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ دېڭىز رايونىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە خادا تاشلارغا ھەربىي بازا قۇرۇشقا باشلىدى. جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بىلەن چېگرالىنىدىغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن، بۇ تېررىتورىيە جاكارى ۋە ھەربىي بازىلار ئۇلارنىڭ دېڭىز بايلىقلىرىغا تەھدىت سالىدۇ ۋە بىخەتەرلىك خەۋپى پەيدا قىلىدۇ. يەرلىك دۆلەتلەردىن باشقا، ئامېرىكامۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان، ئىزچىل بۇ رايوندىكى ئاساسلىق كۈچلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرىدىن ۋاز كېچىش نىيىتى يوق.

جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى خەلقئارالىق دېڭىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاينىڭ جەنۇبىي چېگراسىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەر ئىلگىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ (خىتايغا بېسىپ كىرىشتىكى) دەرۋازىسى بولۇپ كەلگەنىدى. خىتاي ئەزەلدىن بۇ رايوندىكى سودىنى چەكلەيدىغانلىقى ـــ بۇ يەردە توشۇلۇۋاتقان ماللارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ ماللىرى بولغاچقا، بۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ پۇتىغا پالتا چاپقانلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق ـــ توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى مۇھىم بىلىدۇ.

خىتاي ھەم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر.

ئامېرىكانىڭ فىلىپپىندا بەش چوڭ ھەربىي بازىسى، ياپونىيە ۋە كورېيەدە **40** بازىسى بار. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ دېڭىز قوشۇنى بولغان، 7 ـ فىلوتى ياپونىيەنىڭ يوكوسۇكا شەھىرىگە جايلاشقان. ئامېرىكا يەنە ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستاننىڭ بىرلەشمە ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرىدىغان «تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى»نى قۇردى. بۇلار يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان، مالايسىيا بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ سۇماترا ئارىلى ئارىسىدىكى مالاككا بوغۇزىنى قامال قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ دېڭىزدىكى ئېنېرگىيە تەمىناتىغا توسقۇنلۇق قىلىشنى تەقلىدىي نىشان قىلىدىغان مالابار ھەربىي مانېۋېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئامېرىكانىڭ بۇ رايوندىكى «ھاۋا ـ دېڭىز ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ھەربىي ئىستراتېگىيەسى خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىنى كونترول قىلىپ، خىتاينىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىنى پالەچلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى قولغا كىرگۈزۈشنى نىشان قىلغان. خىتاينىڭ بۇنىڭغا قارشى تەدبىرى ئارال ۋە خادا تاشلارنى ئىگىلەپ، ئامېرىكا سۇ ئاستى ۋە سۇ ئۈستى پاراخوتلىرىنى يىراقلاشتۇرۇش بولدى، بۇ ئىستراتېگىيەسى «رايوننى قاماللاش» دەپ ئاتىلىدۇ.

خىتاينىڭ بۇ يەردىكى قىلمىشلىرى ئاساسەن قانۇنسىز. دائىمىي كېسىم سوتىنىڭ 2016 ـ يىلىدىكى قارارىدا خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى توغرىسىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى دەۋاسىنىڭ ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسى يوقلۇقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما بېيجىڭغا نىسبەتەن، دېڭىز ئاجىز چېگرادۇر. ئەگەر خىتاي يوكوسۇكا، سان دىياگو ياكى مېكسىكا قولتۇقىدا دېڭىز ئارمىيىسى مانېۋېرى ئۆتكۈزسە، ۋاشىڭتوننىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ئاز ئويلىنىپ بېقىڭ. بىر تەرەپنىڭ نەزىرىدىكى «خەلقئارالىق دېڭىز» يەنە بىر تەرەپنىڭ نەزىرىدە «ئۆيىنىڭ ھويلىسى»دۇر.

## تەيۋەن توغرىسىدا ئەۋجىگە چىققان جىددىيچىلىك

جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى جىددىيچىلىكنىڭ تارىخى، كوممۇنىست خىتايلار بىلەن مىللەتچى خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىللىرىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكا مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپنى قوللىغانىدى. 1949 ـ يىلى مەغلۇپ بولغان مىللەتچى خىتايلار تەيۋەنگە چېكىنگەندە، ئامېرىكا ئارالنىڭ مۇداپىئەسىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تەيۋەننى «خىتاي دۆلىتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە (خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ب د ت غا ئەزا بولۇشىنى توستى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى نىكسوننىڭ 1972 ـ يىلىدىكى خىتاي زىيارىتىدىن كېيىن، ئىككى دۆلەت تەيۋەن توغرىسىدا بەزى كېلىشىملەرنى تۈزۈپ، ۋاشىڭتون تەيۋەننىڭ خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئەمما بېيجىڭمۇ ئارالنى چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي كۈچ ئىشلەتمەيدىغانغا كېلىشتى. ئامېرىكا يەنە تەيبېي (تەيۋەننىڭ پايتەختى) بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتماسلىققا ياكى تەيۋەننى «مۇھىم» ھەربىي قوراللار بىلەن تەمىنلىمەسلىككە قوشۇلدى.

ئەمما، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ كېلىشىملەر بۇزۇلۇشقا باشلىدى، بولۇپمۇ بۇ خىل بۇزۇلۇش بىل كىلىنتون ھۆكۈمىتى مەزگىلدە ئالاھىدە روشەن بولدى.

1996 ـ يىلى تەيۋەن بىلەن خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر داۋامىدا، بېيجىڭ ئانچە ـ مۇنچە ھەيۋە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارالغا بېسىپ كىرگۈدەك قۇدرىتى يوق ئىدى. (ئامېرىكا، تەيۋەن ۋە خىتايدىن ئىبارەت) ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى بىلەتتى. ئەمما كىلىنتون جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىنىڭ مونىكا لېۋىنسكىي بىلەن بولغان ئاشنىدارچىلىق سەتچىلىكىدىن باشقا تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇنۇۋاتقان پەيتتە، بىرەر قېتىملىق چەتئەل كرىزىسى ئۇنىڭغا ئەسقاتاتتى، شۇڭا ئامېرىكا تەيۋەن بوغۇزىغا ئاۋىياماتكا جەڭ گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. گەرچە تەيۋەن بوغۇزى خەلقئارالىق دېڭىز رايونى بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكىتى ھېسابلىناتتى،

شۇنداقلا بۇ ھەرىكەت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە دېڭىز قىرغاقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز ئارمىيەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى تونۇتقاندى.

بۇ ئىشنىڭ بەزى مەسخىرىلىك تەرەپلىرى بار. ئامېرىكالىقلار خىتاي دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشى تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى چۆچۈتۈپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇپ، «رايوننى قاماللاش» ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشقا سەۋەب بولغىنى ئامېرىكانىڭ تەيۋەن بوغۇزى كرىزىسىدىكى (ئاۋىياماتكا جەڭ گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشتىن ئىبارەت) ھەرىكىتىدۇر.

ئەلۋەتتە، ترامپمۇ جىددىيچىلىكنى كۈچەيتىۋەتتى. ئامېرىكا (ترامپ ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە) تەيبېيگە يۇقىرى دەرىجىلىك كابىنېت ئەزالىرىنى ئەۋەتتى، يېقىندا ئارالغا 66 دانە يۇقىرى ئىقتىدارلىق F ـ 16 تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىپ بەردى. ئامېرىكا ھازىرمۇ ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى قەرەللىك ھالدا تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

بېيجىڭنىڭ نەزىرىدە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى تەيۋەنگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىق، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، خىتاينىڭ تەيۋەننى «ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسى» دېگەن دەۋاسىنى رەت قىلغانلىقتۇر.

بۇ بىر خەتەرلىك پەيتتۇر. خىتاي ئامېرىكانىڭ ئۆزلىرىنى ھەربىي قوشۇن ۋە «تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى» ئارقىلىق قورشىماقچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھالبۇكى، ئالدىنقىسى (يەنى ئامېرىكا ئارمىيەسى) بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقى مۇمكىن، كېيىنكىسى (يەنى «تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى») بولسا كۆرۈنگىنىدەك مۇقىم ئەمەس. ھىندىستان ئامېرىكا بىلەن يېقىنلاشقان بولسىمۇ، خىتاي يەنىلا ئۇنىڭ ئاساسلىق سودا ھەمراھىدۇر، شۇ ۋەجىدىن يېڭى دېھلىنىڭ تەيۋەن سەۋەبلىك (خىتاي بىلەن) ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق. ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىقتىسادىمۇ ياپونىيەنىڭكىگە ئوخشاشلا خىتاي ئىقتىسادىغا زىچ باغلانغان. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىشىنى توسۇيالمىسىمۇ، ئەمما بۇ (ئۇنۇملۇك) چەكلىگۈچى ئامىللاردىن بىرىدۇر.

ئامېرىكا ئارمىيىسىگە كەلسەك، تەيۋەننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئۇرۇش مانېۋىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك (تەيۋەن سەۋەبلىك ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بولغۇسى ئۇرۇشتا) ئامېرىكانىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

تىنچلىقتىن باشقا تاللاش يوق

بۇ خىل ئۇرۇش ئەلۋەتتە ئاپەت خاراكتېرلىك بولۇپ، دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە چوڭقۇر زىيان سالىدۇ، بۇ خىل ئۇرۇش ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان، ئۆزئارا يادرو ھۇجۇملىرىغىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. خىتاي بىلەن ئامېرىكا ھەر قانداق مەنىدە بىر ـ بىرىنى

«مەغلۇپ» قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بىلەن تەيۋەن ھەققىدە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ چىقىش تېخىمۇ ياخشىدەك قىلىدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا قارىتا ئىگىدارلىق ھوقۇقى تەلەپ قىلىشى ھوقۇقى يوق، ئەمما ئۇنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسى يوللۇق. بايدېننىڭ دۆلەت سېكرېتارلىقى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسلىكىگە ئانتونىي بىلىنكېن (Anthony Blinken) ۋە جەيك سۇلىۋان (Jake Sullivan)نى تاللىغانلىقىغا قارىغاندا، خىتاينىڭ بۇ جەھەتتە تەشۋىشلىنىشى ئاساسسىز ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىككىيلەننىڭ خىتاي توغرىسىدىكى مەيدانى قاتتىق بولۇپ، سۇلىۋان بېيجىڭنى «يەرشارىنىڭ خوجىسى بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ھەر ئىككى دۆلەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار ئىشلار بار.

بىرىنچىدىن، ھەر ئىككى دۆلەت سۇر ـ ھەيۋىسىنى پەسەيتىپ، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرما سالمىقىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك. ئامېرىكانىڭ ئۆز چېگراسىغا يېقىن دېڭىز تەۋەلىكىدە بىخەتەرلىك ھوقۇقى بولغىنىدەك، خىتاينىڭمۇ ئاشۇنداق ھوقۇقى بار. بېيجىڭ ئۆز نۆۋىتىدە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تېررىتورىيە دەۋاسىدىن ۋاز كېچىپ، قانۇنسىز قۇرغان بازىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىككىلا قەدەم رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررىتورىيە دەۋالىرىنى رايونلۇق دىپلوماتىك يول ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھىت ھازىرلاشقا پايدىلىق.

بۇنداق قىلماسلىقنىڭ بەدىلىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور بايلىققا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، دۆلەتلەر ھەربىي خامچوتلىرىنى كۆپەيتىپ ـــ كىلىمات ئۆزگىرىشى دۇنيانىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلانمىغان تەقدىردە ـــ پات يېقىندا ئوچۇق دېڭىزغا ئايلىنىپ كېتىدىغان (يەنى سۇ ئاستىدا قالىدىغان) ئارال ۋە خادا تاشلار سەۋەبلىك بىر ـ بىرىگە تەھدىت سېلىشماقتا.

**ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى**

**مەنبە:**

https://fpif.org/bidens_top_foreign_policy_challenge_avoiding_a_cold_war_with_china/



# ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەد نىياز

ئالدىنقى ساندا قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس شەرىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلماس باغلىنىش بايان قىلىنغان ئىدى. ئەمدى بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن ھالدىكى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ پەرقلەرئاساسلىقى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ :

1) قۇرئان كەرىم ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە باشقا تېمىلارغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ تۈپكى ۋە ئومۇمىي مەنبەسىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى تەكىتلىگەن ۋە ئىمان ئېيتىش زۆرۈر بولغان، ئىنكار قىلغۇچىنى كۇپۇرلۇققا ھۆكۈم قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ زاتىغا، سۈپەتلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ۋەھىيگە، ئاخىرەت كۈنىگە دائىر ئەقىدىلەر ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە كۆپلەپ مەلۇماتلار مەۋجۇت. ھەدىس بولسا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاساسلىق دىنىي ئەھكاملارنىڭ كونكرېت ئىزاھلىغۇچىسى.

2) قۇرئان كەرىمنى خاتىرىلەشكە، كۆچۈرۈشكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەخسۇس كاتىپلارنى بېكىتكەن. ئاندىن كاتىپلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قوللۇق كۆرسەتمىسى بويىچە قۇرئاننىڭ سۈرە ئايەتلىرىنى رەتلەپ ۋە خاتىرىلەپ چىققان. پەيغەمبىرىمىز ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ھەدىسلەر ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ ساھابىلەرنى پەقەت ئاغزاكى يادلاپ ئېسىدە تۇتۇۋېلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ، رەسمىي خاتىرىگە ئېلىشىدىن توسقان.

(مەسىلەن، مەشھۇر ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندىن تارتىپ تاكى ئۇ زات ۋاپات بولغانغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ يېنىدىن ھېچ ئايرىلماي، ئۇ زاتنىڭ ھەممە سۆزىنى زېھنىدە تۇتۇپ، بار كۈچى بىلەن يادقا ئالغان. نەتىجىدە، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىملىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئەمما، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىق ئىلىم ۋە ئىبادەتكە ئۆزىنى ئاتىغان، قۇرئاننى تولۇق ياد ئالغان ساھابىسىگە ئۆز ھەدىسلىرىنى ھەر دائىم خاتىرىلەپ مېڭىشقا يول قويغان. ھەججەتۇل ۋىدادا ئەبۇ شاھ ئىسىملىك ساھابىگە ئۆز ھەدىسلىرىنى يېزىشقا رۇخسەت قىلىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئۆز ھەدىسلىرىنىڭ يېزىلىشىنى بارچە ئۇممىتىگە رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ روشەن ئىسپاتىدۇر. يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قۇرئان ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىگە راۋۇرۇس ئورنىغاندىن كېيىن ئۆز ھەدىسىنىڭ يېزىلىشىغا پۈتۈنلەي رۇخسەت قىلغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ باشتا ھەدىسلىرىنى ئاز بىر قىسىم ساھابىلىرىدىن باشقىلارنىڭ يېزىشىنى چەكلەپ، كېيىن يول بارچە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ يېزىشىغا يول قويۇشى تەلىم ـ تەربىيەدىكى ئۇستۇن ۋە ئىلمىي مېتود بولۇپ، بۇ خۇددى دانا ئوقۇتقۇچىنىڭ باشلانغۇچنىڭ باشلىنىشىدا — ماتېماتىكىنى ياخشى ئۆگىنەلمەي قالىدۇ دەپ — ئالگېبرالىق تەڭلىمىلەرنى يادلاتقۇزمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. شۇنداقلا، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ يېڭى تىل ئۆگەنگەن

بالغا يېزىق ئۆگىتىشتە ئاۋۋال سۆز ئەمەس، ھەرپ ئۆگىتىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ھەرپلەر سۆزلەرگە نىسبەتەن ئاز ۋە ئاساندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، قۇرئاننىڭ ئايىتى ئالتە مىڭ نەچچە يۈز ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن چىققان ھەدىسلەر بولسا مىليوندىن ئاشىدۇ. ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنى ئاغزاكى دەۋەت بىلەن يەتكۈزگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ 23 يىللىق ھاياتى داۋامىدا مىليون ئېغىز سۆز قىلغان بولۇشى يۈزدە يۈز تەبىئىي. شۇڭا، پەيغەمبىرىمىز ھەدىسكە قارىغاندا ئاز، يېزىشقا ۋە يادلاشقا ئاسان بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنى باشتا يېزىشقا بۇيرۇپ، كۆپ، نۇرغۇن ۋە سانسىزلىغان ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كېيىن يېزىشقا قالدۇرغان ۋە ھەدىسلىرىنىڭ يېزىلىشىنى قۇرئانغا ھاكىم بولمىغان مۇسۇلمانلاردىن چەكلىگەن. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەدىسلىرىنى باشقىلارغا ئۆز پېتى تارقىتىپ، يەتكۈزۈشكە تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر كۆپ قېتىم بۇيرۇغان.

بەزىلەرنىڭ چۈشىنىۋالغىنىدەك، بىر ئىشنىڭ مەلۇم پەيتتە چەكلىنىشى، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك چەكلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ـ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يەتكۈزۈشكە كۆپلەپ تەشۋىق قىلىشى، ئۆز ھەدىسلىرىنىڭ كۆچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئەمەس، ئىنتايىن كۈچلۈك رەۋىشتە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە پولاتتەك پاكىتتۇر. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگە زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ نېمىنى باشتا يېزىشى، نېمىنى ئاخىرىدا يېزىشنى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە بىنائەن مۇكەممەل بىلگەن ۋە بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئىلمىي ۋە دانالارچە يول تۇتقان. ـ مۇھەررىر ئىزاھاتى.)

3) قۇرئان كەرىم بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساناقسىز كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىپ ۋە يېزىق ئارقىلىق ئىزچىل تولۇق خاتىرىلىنىپ كەلگەن. يەنى قۇرئان كەرىم تەۋاتۇر ( نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز بايان قىلىنىپ، ئۇدا ئۇلىشىپ، ئىزچىل ئەينەن يەتكۈزۈلۈش ) دەرىجىسىگە يەتكەن. ھەدىسنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سالاھىيەتلىك مەخسۇس شەخسلەر تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ ۋە ئەينەن يەتكۈزۈلۈپ، ھەدىس ئىلمىدە ۋايىغا يەتكەن كەسپىي ئۆلىمالارنىڭ ئىنچىكە تاللىشى، ھەدىسنىڭ تېكىستىنى ، خاتىرىلىگەن ۋە ئۈزلۈكسىز يەتكۈزگەن ھەر قايسى كىشىلەرنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، تولىمۇ ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن سەھىھلىرىنى ئايرىشى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. پەقەت ئاز ساندىكى ھەدىسلەرلا نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن ئىزچىل خاتىرىلىنىپ ۋە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلادئەينەن يەتكۈزۈلۈپ تەۋاتۇر دەرىجىسىگە يەتكەن.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ بىرەر ھەرپى چاغلىق ھەر قانداق مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ ياكى مۇنازىرە قىلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بىردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ، ئۇ زاتنىڭ ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلاتتى. ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەپىس شەرھىلەش، چۈشىنىشلىك بايان قىلىش ۋە دانالارچە چۈشەندۈرۈش بىلەن توغرا ھۆكۈمنى باياق قىلىپ بېرەتتى. ئەمما ساھابىلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىش جەھەتتىكى ھەر قانداق ئىختىلاپ ـ مۇنازىرە ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشتەك ھادىسە ھەدىسلەردە كۆرۈلمىگەن. يۇقىرىقىلاردىن شۇ ئېنىق ۋە مەلۇمكى، ھەدىس بولسا ۋەھيي ئىلاھدۇر.(يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان سەھىھ ھەدىسلەرمۇ ئۇلۇغ ئاللاھ

تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي ۋەھيىدۇر[1]). قۇرئان كەرىمدە: «ئۇ (مۇھەممەد مۇستاپائەلەيھىسسالام ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»(سۈرە نەجم 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر) دېيىلگەن. «پەيغەمبەر سىلەرگە نېمىنى بەرسە ئېلىڭلار، نېمىنى چەكلىسە يېنىڭلار» ئايىتىمۇ يۇقىرىقى ئايەت بىلەن چەمبەرچاس بىردەكلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتە قۇرئان كەرىمگە ئوخشاشلا كۈچلۈك دەلىل بولالايدۇ. ھەدىسكە ئەگىشىش ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن قەتئىي زۆرۈرىيەتتۇر. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرقى زامانىمىزغىچە بولغان 14 ئەسىرلىك ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر بۆلۈك ئازغۇن ۋە بىدئەتچى گۇرۇھلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇ نۇقتىدا بىردەك ئورتاق پىكىردە بولۇپ كەلدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ. يەنە ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھاياتى بويى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەگىشىش بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.» (سۈرە نىسا، 80 ـ ئايەت) ئۇندىن باشقا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش ۋەچەكلىگەنلىرىدىن يېنىشنىڭ قەتئىي لازىملىقى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: « پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن يېنىڭلار.» (سۈرە ھەشر، 7 ـ ئايەت) نۇرغۇن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ياندىشىپ كېلىدۇ: «سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.»(سۈرە ئال ئىمران، 132 ـ ئايەت ) «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.»(سۈرە ئەنفال، 20 ـ ئايەت) قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەت). ئىمام ھەسەن بەسرى: « بۇ ئايەت ئاللاھنى سۆيۈشنى دەۋا قىلغان بىر قەۋم ھەققىدە نازىل بولغان، چۈنكى ئاللاھنى سۆيۈشنى دەۋا قىلغان ھەر قانداق قەۋم دەۋاسىدا راستچىلمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلىدە سىناقتىن ئۆتۈشى كېرەك» دەيدۇ. ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلماي، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە تۈپتىن مۇخالىپەتچىلىك قىلسا، قىلغان دەۋاسىدا راستچىل بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي مۇھەببەت سۆيگىنىگە ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۆمىن ـ مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن ئۆزى سۆيگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىي سۈننىتىگە ئەگىشىش بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى، رەھمەت ـ مەغپىرىتى ۋە مېھرى ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتىنمۇ چوڭ ھوزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەخت سائادەت بولامدۇ؟! ئەھلى

[1] شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسالام «ماڭا قۇرئان بېرىلدى ۋە ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئىلىم بېرىلدى» دەپ، ئۆزىگە ھەدىسنىڭ ۋەھيى قىلىنىدىغانلىقىغا مۇتلەق رەۋىشتە ئىشارەت قىلغان. ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ سەككىز خىل شەكىلدە ۋەھيي قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولغانلار، ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ زادۇل مەئاد ناملىق ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ. ـ مۇھەررىر ئىزاھاتى.

رەسۇلۇللاھنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىدىغان، ھەقىقىي دوست تۇتىدىغان بەزى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسى يۇقىرىقى بولغانلىقتىن، بىز ئۇنى جەننەتتە كۆرەلمەي قالامىزمىكىن دەپ ئەنسىرەشتى. بۇ تۇيغۇ ئۇلارنى بەكلا بىئارام قىلغاچقا، ئاشۇ بىئاراملىق تۇيغۇسى بىلەنل ارەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈپ قېنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ گەرچە ھەر تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ بىلەن جەننەت دەرىجىلىرىدە پەرقى بولسىمۇ، يەنىلا ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنى جەننەتتە كۆرەلەيدىغانلىقلىرى ھەققىدە بىشارەت بېرىپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر،سىددىقلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلارنىمىدىگەن ياخشى ھەمراھلار »(سۈرە نىسا، 69 ـ ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدىن قارىغاندا، «كىمكى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدىكەن» دېيىلىشنى تەقەززا قىلسىمۇ، «سۆيۈش» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئىتائەت قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ قويۇلۇشى ئىتائەتسىز سۆيۈشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن ئىتائەت قىلىش بولغاندا ئاندىن سۆيگۈچى سۆيگىنى بىلەن بىللە بولىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ «كىشى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىنى ئېنىق چۈشۈندۈرۈپ بېرىدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىنى سۆيۈشى بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىشى دەپ ئىزاھلىنىدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەرنى پەيغەمبەر قىلىپئەۋەتكۈچى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. «سەھىھۇلبۇخارى»دا خاتىرىلەنگەن بىر ھەدىستە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز: «ئۈممىتىم ئىچىدىكى باش تارتقانلاردىن باشقا ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، باش تارتقۇچىلار كىملەر؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ باش تارتقان بولىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپى سىكىشلەر دەتالاش قىلغان مەسىلىلەرنى ئېنىق ئايرىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!)، بىز كىتابنى ( يەنى قۇرئاننى ) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىندىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.» (سۈرە نەھل، 64 ـ ئايەت) «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇمبولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» (سۈرە نىسا، 65 ـ ئايەت) قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى مۇنۇ ئايىتىدە كىشىلەرگە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىدىغان رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى «ھېكمەت» دەپ ئاتالغان. «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى(گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇقگۇمراھلىقتا ئىدى» (سۈرە ئال ئىمران، 164 ـ ئايەت) بۇ قۇتلۇق ئايەتتىكى «ھېكمەت» دېگەن سۆزنى مۇتلەق كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن ئۆز دىنىنىڭ سىرلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى،

يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى دەپ قارايدۇ ۋە شۇنداق دەپ ئىزاھلايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇئايەتتە «ھېكمەت» دەپ تەرىپلىگەن ھەدىس سۆزىنى ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان سۆزىگە يانداپ كەلتۈرۈشىدىن ئىسلام شەرىئىتىدە، بولۇپمۇ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ۋە ئىسلام قىممەت قاراشلىرىدا سۈننەتنىڭ ناھايىتىمۇ ھەم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى چىقىدۇ ۋە ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغان ھۆرمەتلىك ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىشتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نەمۇنىلىك ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينىغان. ئۇلار ھەممە ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئىش قىلسا ۋە نېمە ئىشنى تەرك قىلسا، سەۋەبىنى سوراپ يۈرمەستىن، شۇ بويىچە قىلغان. «سەھىھۇل بۇخارى» دا ھەزرىتىئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بىۋاستە يەتكۈزۈلگەن بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: « پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەرمۇ قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋېلىشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ئۈزۈكنى «ھەرگىزمۇ سالمايمەن» دەپ تاشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرمۇ قوللىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن. قازى ئىياز «شىپا» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن يەتكۈزۈلگەن مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپ ئىككى كەشىنى سېلىپ سول تەرىپىگە قويۇپ قويغان. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر شۇ ھامان كەشلىرىنى سېلىپ تاشلاپ قويۇشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇپ بولغاندىنكېيىن ئۇلاردىن: « نېمىشقا كەشىڭلارنى سېلىۋەتتىڭلار ؟ » دەپ سورىغان. ئۇلار: « سىنىڭ كەشىڭنى سېلىۋەتكەنلىكىڭنى كۆرۈپ، بىزمۇ سېلىۋەتتۇق » دېگەن. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا: «جىبرىئىل ماڭا كەشىمگە ناپاك نەرسىلەرنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغاچقا، شۇڭا كەشىمنى سېلىۋەتكەن ئىدىم» دېگەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى شەرىئەت ھۆكمى دەپ بىلىپ، ئۇنى ئورۇنلاشتا قىلچە ئىككىلەنمەيتتى.

ئاللاھ خالىسا ماقالىنىڭ كېيىنكى ساندا ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقى، قانداق ئۆگىنىپ، ھاياتىغا قانداق تەتبىقلىغانلىقى، ھەدىسلەرنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا خاتىرىلىنىش ئەھۋالى، ئەتراپتىكى ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىش ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قەبىلىلەردىن ئەلچىلەر كېلىشنى مەركەز قىلغان دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلارنىڭ ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشىدا ئوينىغان روللىرى قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار خەلقىمىزگە سۇنۇلىدۇ.

ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

1.ۋەھيي:

يۈكسەك ئۇستۇن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنى يەر شارىدىكى ئەلچىسىگە تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈش ۋە بىلدۈرۈش باسقۇچى ۋە مەزكۇر مەشغۇلاتنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىغا قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئادەتتە كۆپىنچە جىبرىئىل

ئەلەيھىسسالام يەر شارىدىكى بارچە پەيغەمبەرلەر بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولغان. ناھايىتى ئاز ئەھۋالدىلا ئاللاھ تائالا يەر شارىدىكى مەلۇم ئورۇن ۋە مەلۇم ئىرسلەردە پەيغەمبەرلىرىگە بىۋاستا خىتاب قىلغان. ۋەھيىنىڭ تۈرلىرىنى قۇرئان كەرىم سۈرە شۇرانى ﷺ51 ـ ئايىتىدە مۇنداق بايان قىلغان: « ئاللاھ ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

2 . ساھابە:

ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتتە كىرگەن، ھەمدە مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە بۇ دۇنيادىن خوشلاشقان كىشى ساھابە دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ كەتكەن ۋە شۇھالىتىدە ئۆلگەن ئادەملەر ساھابە ھېساپلانمايدۇ. ساھابە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم پەيغەمبىرىمىز بىلەن دەۋرداش بولۇشى، كەم دېگەندە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچراشقان بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ۋاپات بولغانبولۇشى كېرەك. ساھابىلەر دەۋرى پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتتىن باشلىنىپ، تاكى ھجىرىيە 110 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى دەل مۇشۇ يىلى (مىلادى 728 ـ يىلى) ئەڭ ئاخىرقى ساھابە ئەبۇتۇفەيل ئامىر ئىبنى ۋاسىلە لەيسى 107 يېشىدا مەككە مۇكەررەمەدە ۋاپات بولغان.

3 . تابىئىن:

ساھابىلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ئىككىنچى ئەۋلاد مۇنەۋۋەر مۇسۇلمان كىشىلەر تابىئىن (يەنى ساھابىلەرگە ئەگەشكەنلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. تابىئىنلار ئاساسەن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغان 632 ـ يىلدىن 797 ـ يىلغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى دەل مۇشۇ يىلى ( ھجىرىيە 181 ـ يىلى ) ئەڭ ئاخىرقى تابىئىن خەلەف ئىبنى خەلىفە ئەلكۇفى رەھمەھۇللاھ يۈز يېشىدىن ھالقىغاندا باغدات شەھرىدە ۋاپاتبولغان. ئۇ كىشى ئۆزى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ، ئۆزىنىڭ يەتتە ياش ۋاختىدا ساھابە ئەمرۇ ئىبنى ھۇرەيسرەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەنلىكىنى ۋە تەلىم ئالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تابىئىن بوپقالغان.

4 . تابى تابىئىن:

تابىئىنلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىلغار مۇسۇلمان كىشىلەر ئەتبائۇت تابىئىن (يەنى ساھابىلەرگە ئەگەشكەنلەرگە ئەگەشكۈچىلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ دەۋرى تابىئىنلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ تاكى ھجىرىيە 257 ـ يىلغىچە بولغان تارىخي

مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەل شۇ يىلى (مىلادى 871 ـ يىل) ئەڭ ئاخىرقى تابى تابىئىن ھەسەن ئىبنى ئەراپات باغدادى رەھمەھۇللاھ سامىرا شەھرىدە (خەلىپە مۇئتەسىم ئابباسىي مەخسۇس تۈرك قوشۇنلىرى ۋە ئۆزى ئۈچۈن سالدۇرغان ئالاھىدە پايتەخت بولۇپ، 835 ـ يىلى ھەربىي گازارما ھالىتىدە قەد كۆتۈرگەن. 859 ـ يىلى خەلىپە مۇتەۋەككىل دەۋرىدە رەسمىي مۇكەممەل شەھەر ھالىغا كەلگەن. جۇغراپىيەلىك ئورنى ھازىرقى باغدات شەھرىنىڭ شىمالىدىن 125 كىلومېتىر يىراقلىقتا تىگرا كېلىدۇ. دەجلە دەرياسى بويىغا قۇرۇلغان بۇ گۈزەل ۋە مۇقەددەس شەھەر 2007 ـ يىلى يونىسكو تەرىپىدىن دۇنياۋى قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ) ۋاپات بولغان. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تابىئىن خەلەف ئىبنى خەلىپىدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىپ ھەدىس يەتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى تابى تابىئىندۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز شۇنداق دېگەن:« كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم جەسۇر كىشىلەر غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن «ئاراڭلاردا پەيغەمبەرنى كۆرگەن بىرەر كىشى بارمۇ ؟» دەپ سورالسا، ئۇلار «ھەئە» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇ بىرەر ساھابىنىڭ بەركىتىدىن غازات ئۇتۇقلۇق بولۇپ، غازىلار زەپەر قۇچۇپ، شەھەر فەتھى بولىدۇ. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ يەنە بىر تۈركۈم ئاۋانگارت جەڭچىلەر غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن «ئاراڭلاردا ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ھەمسۆھبەت بولغانلارنى كۆرگەن بىرەر كىشى بارمۇ؟» دەپ سورالسا، ئۇلار «ھەئە، بار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن غازاتتا زەپەر قۇچۇپ، فەتھىلەر ئاسان بولىدۇ. ئاردىن يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، يەنە بىر تۈركۈم ھىممەتلىككىشىلەر غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن « ئاراڭلاردا پەيغەمبەرگە ھەمسۆھبەت بولغانلارغا ھەمسۆھبەت بولغانلارنى كۆرگەنلەر بارمۇ ؟» دەپ سورالسا، ئۇلار « شۇنداق، بار!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا شەھەرفەتھى بولىدۇ.» بۇ ھەدىسنى ساھابىلەردىن ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى پەيغەمبەرىمىزدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، باشقا يەتكۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد يادلىنىپ ۋە يەتكۈزۈلۈپ، ھىجرىيە 3 ـ ئەسىردە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم تەرىپىدىن ئىككى مەشھۇر ھەدىس دەستۇرىغا خاتىرىلەنگەن. (سەھىھۇلبۇخارى 2897 ـ نومۇرلۇق ھەدىس، سەھىھۇلمۇسلىم 2532 ـ نومۇرلۇق ھەدىس ).

5 . مۇتەۋاتىر ھەدىس:

(الحديث المتواتر): لۇغەت مەنىسى «ئارقىمۇئارقا ئۈزۈلمەي كېلىش» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە سەنەدىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئارىلىرىدا يالغان ئېيتىشقا كېلىشىۋېلىش ئېھتىماللىقى يوق ھالەتتىكى كۆپ ساندىكى يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئوخشاش ھالەتتىكى كۆپ سانلىق ھەدىس يەتكۈزگۈچىلەردىن ئۇدا ئۇلاپ يەتكۈزگەن ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ. مۇتەۋاتىر ھەدىس «لەۋزى مۇتەۋاتىر»، «مەنىسى مۇتەۋاتىر» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

.6 سەھىھ ھەدىس:

(الحديث الصحيح): لۇغەت مەنىسى «ساق، ساغلام، ئەيىبتىن خالىي» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە «ئىشەنچلىك» دەپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سەنەدىنىڭ تۇتىشىشى،

يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى، باشقا تېخىمۇ ئىشەنچلىك ياكى كۆپ يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئىپادىسىگە زىت تېكىست، رىۋايەت بولماسلىقى ۋە كۆزگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان ئەيىبلەردىن خالىي بولۇشى قاتارلىق شەرتلەرنى هازىرلىغان ۋە دىنىي خۇسۇسلاردا دەلىل بولىدىغان ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1 . ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان. مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى،2004 - يىللىق 3 - سان

2 . التاريخ الكبير ( تارىخ كەبىر ) . ئىمام بۇخارى. 3 - توم 194 - بەت، 6 - توم 446 - بەتلەر.

3 . تهذيب الكمال في أسماء الرجال للحافظ المزي

4 . ئىسلام تارىخى، ئىمام زەھەبى، 4 - توم 845 - 846 - بەتلەر، 6 - توم 66 - 67 - بەتلەر

5 . الإصابة في تمييز الصحابة للحافظ ابن حجر العسقلاني، ئەرەبچە نەشرى. 7 - توم 193 - بەت.

6 . مقدمة ابن الصلاح - مۇقەددىمە ئىبنى سالاھ (ھەدىس پىرىنسىپلىرى ھەققىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئەسەر)

خەلقئارا ۋەزىيەت



# خىتاينىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى

جېيمىس كارتېر

# خىتاينىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى

تارىخشۇناس جېيمس كارتېر (ئامېرىكا)

ئۆڭلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ قانلىق توقۇنۇشلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغاندا، بەلكىم پارلاق يېڭى دەۋرنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ قىسقىلا داۋاملاشقان سەلتەنىتى خىتاينىڭ «ئالتۇن دەۋرى»نى ئاياغلاشتۇردى.

مەزكۇر ستونىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنى مەركەز قىلىنىۋاتقىنىغا بىر مەزگىل بولۇپ قالدى. بۇ ھەپتىدىكى تېمىمىز — بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە خىتاينىڭ ئەڭ گۈللەنگەن «ئالتۇن دەۋرى»نى ئاياغلاشتۇرغان ئۆڭلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭى قوزغالغان ۋاقىت، بولۇپمۇ ئۆڭلۈك سۆيگۈن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان پەيتتۇر.

جۇلىيان كالېندارى (Julian calendar) بويىچە 756 - يىلى، خىتاينىڭ قەمەرىيە كالېندارىدىكى يېڭى يىل كۈنى، ئۆڭلۈك سۆيگۈن يېڭى يەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭنىڭ باشلانغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان خىتاينىڭ قەدىمىي پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن)گە يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتقانىدى.

ئۆڭلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭى سەككىز يىل داۋاملىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلدى. بۇ جەرياندىكى ئۆلۈم - يىتىم، تالاپەتكە ئۇچراش ئەھۋاللىرىنى مۆلچەرلەش قىيىن. بەزىلەر بۇ جەرياندا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 36 مىليونغا يېتىدۇ، دېيىشمەكتە. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، بۇ سان ئەينى چاغدىكى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ستىۋېن پىنكېر (Steven Pinker) بەس - مۇنازىرىگە قارىماستىن، بۇ ساننى نەقىل قىلىپ، ئۆڭلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بالايىئاپەت دەپ ئاتىدى. ئەمما كىشىنى قايىمۇقتۇرىدىغان ۋە چالا دەپ تەنقىدلىنىدىغان نوپۇس خاتىرىسىگە تايانغان بۇ سان بەك كۆپتۈرۈۋېتىلگەن دەپ قارىلىدۇ (پىنكېرنىڭ باشقا بەزى مېتودلىرىمۇ تەنقىدكە ئۇچرىغان). نوپۇسنى ئاساس قىلغان باشقا مۆلچەرلەر

بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار نوپۇس خاتىرىسىنى بۇ مەقسەتتە ئىشلىتىشنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. ئۆتلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭىنىڭ ئۆزى ۋەيران قىلغان ھاياتلىق ۋە ئىمارەتلەرنىڭ سانى ــــ گەرچە بۇ ئىككىلىسىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ ــــ دىن ھالقىغان تەسىرى شۇكى، گەرچە تاڭ سۇلالىسى مەزكۇر قوزغىلاڭدىن كېيىن، نامدا يەنە 150 يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىنى دەل مۇشۇ قوزغىلاڭ غۇلاتقانىدى.

مەلۇم بىر ۋەقەنى نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى مۇئەييەن ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىش ئانچە قايىل قىلارلىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆتلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭى دەل ئاشۇنداق (نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى مۇئەييەن ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان) ھادىسىلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

安禄山 (ئۆتلۈك سۆيگۈن) 703 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بىر ئەرنىڭ خىتايچە ئىسمىدۇر. «ئەن» (ئۆتلۈك) دېگەن بۇ فامىلە ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەسلىدە سەمەرقەند ئەتراپىلىرىدا ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سەمەرقەند يېپەك يولىدىكى سودا شەھىرى بولۇپ، ھازىر ئۆزبېكىستانغا تەۋە. 8 ـ ئەسىردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى غەربتە مۇشۇ يەرگىچە كېڭەيگەنىدى. تارىخشۇناس ۋالېرىي خەنسېن (Valerie Hansen) ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى خىتاي تۇغرىسىدىكى تەكشۈرۈشىدە ئۆتلۈك سۆيگۈننى يېرىم پارس، يېرىم سوغدى (يەنى پارسلار بىلەن سوغدىلارنىڭ ئەۋلادى) ئىدى، دەپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى پارسچە روكشان (ئېنگلىزچىدىكى Roxanne دېگەن ئىسىم مۇشۇ پارسچە ئىسىمدىن كەلگەن) دېگەن ئىسمى ۋە شۇ ئىسمىنىڭ خىتايچە تەلەپپۇزى بولغان «禄山» (لۇشەن) بىلەن تونۇلغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

751 ـ يىلى تالاس دەرياسى ئۇرۇشىدا، ئەرەب قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆتلۈك سۆيگۈننىڭ تاڭ قوشۇنىدىكى ئورنى بارغانسېرى يۇكسىلىپ، مۇئەييەن تەسىر كۈچكە ئېرىشتى. باش ۋەزىرلىك ماقامىغا لايىق كۆرۈلگەن ئۆتلۈك سۆيگۈن ئۇنىڭ ئورنىغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ باش مىراخور (ئاتا باقارلار باشلىقى)لۇقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ھوقۇقنى ئېرىشتى. گەرچە مىراخورلۇق باش ۋەزىرلىكتىن تۆۋەن مەنسەپ بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھوقۇقنى ئېرىشكۈچى ئاتلارنى (ئۆزى خالىغانچە) ئىشلىتەلەيتتى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە يېقىنى ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا بولاتتى.

ئۇنىڭ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىشىگە ئالاقىدار كۈرەش پەقەت ئوردىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى نىزانىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ نىزالارنىڭ كۆپىنچىسى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ياڭ جەمەتىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ باش خانىشى، ئۆتلۈك سۆيگۈننىڭ تۇتۇق ئانىسى ياڭ گۈيفېي (杨贵妃) نى ھىمايە قىلىشىغا مەركەزلەشكەنىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىقنىڭ يادروسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان «ئاياللاردىن سەسكىنىش» ھادىسىسى مەۋجۇت. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، نەچچە يۈز يىل مابەينىدىكى تارىخچىلار ئوردا تارىخىنى ئاساس قىلىپ، ئايال پادىشاھ ۋۇ زېتيەن (武则天)نى مەغلۇبىيەتلىك سىياسەتلىرى ۋە شاللاقلىقى سەۋەبلىك خاندانلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن، دەپ ئەيىبلىشىدۇ. ئېيتىلىشلارغا كۆرە، ۋۇ زېتيەننىڭ نەۋرىسى شۈەنزوڭ خاندانلىقنىڭ شۆھرىتىنى مىڭبىر جاپادا ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، (يەنە شۇ ئوردا تارىخىغا كۆرە) ئاخىرىدا خانىشى ياڭ گۈيفېينىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، زېھنىنى دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتالمىغان. ئەگەر بۇمۇ يېتەرلىك بولمىسا، (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخلىرىدا يەنە) «ئۆڭلۈك سۆيگۈن بىلەن ياڭ گۈيفېينىڭ ئارىسىدىكى بولمىغۇر مۇناسىۋەت» ئۆڭلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

خەنسېن قاتارلىق تارىخچىلار بۇ خىل ئىشنىڭ يۈز بېرىپ باققان - باقمىغانلىقىغا گۇمانىي نەزەردە قارايدۇ. ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى بىر نەچچە ئايالغا ئارتىپ قويۇش ئەقىلگە زىتتۇر. ۋۇ زېتيەن (ياكى ۋۇ جاۋ) جۇغراپىيە، دىن، سىنىپىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە ھوقۇقنىڭ جىددىي ئالمىشىشى سەۋەبلىك دۆلەت چاك - چېكىدىن بۆسۈلگەن بىر مەزگىلدە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي جىددىيچىلىكىنى، قاتىللىق، جادۇگەرلىك، زىنارخورلۇق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇشۇ خىل چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىلىق شەرھلەش يوللۇق. ئۆڭلۈك سۆيگۈننىڭ ئوردىدىكى جەڭلىرى ئەنە شۇ رىقابەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى، خالاس.

755 - يىلى، ئۆڭلۈك سۆيگۈن تاڭ ئوردىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، خېبېيدىكى بازىسىدىن يولغا چىقىپ، «شەرقىي ئاستانە» لوياڭنى تېزلا قولغا چۈشۈردى ۋە 756 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. بىر مەھەل، بۇ ئىشلار شۇ تەرزدە داۋاملىشىدىغاندەك كۆرۈندى. ئۆڭلۈك سۆيگۈننىڭ تېز ئىلگىرىلىشى ئۇنىڭ تەمىنلەش لىنىيىسىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتكەچكە، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋە ساداقەتمەنلەر ئۆڭلۈك سۆيگۈننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قاراپ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاندەك قىلاتتى. مارك ئېدۋارد لېۋىس (Mark Edward Lewis) ئۆزىنىڭ «تاڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، 756 - يىلى يازدا توڭ ئۆتكىلى (潼关) دە ئۆڭلۈك سۆيگۈننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى ئېلىپ، تاڭ پادىشاھىنى سىچۈەنگە قوغلىۋېتەلىشىگە سەۋەب بولغان ئاپەت خاراكتېرلىك مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۆتلۈك سۆيگۈننىڭ غۇلىشىمۇ كۆتۈرۈلۈشىگە ئوخشاشلا تېز بولدى. چاڭئەننىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى ۋەكىل خاراكتېرلىك ھادىسە بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. تاڭ قوشۇنلىرى بىر قانچە قېتىم قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالدى. شۇنداقلا، 757 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى ئۆتلۈك سۆيگۈن پادىشاھ بولغانلىقىنى جاكارلاپ بىر يىلدىن كېيىن، ئۆتلۈك سۆيگۈن ئۆز سەركەردىلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار سېپى پارچىلىنىپ، تاڭ قوشۇنى شۇ يىلى كۈزدە پايتەختنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش يەنە ئالتە يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما قوزغىلاڭ ئاللىقاچان يۇقىرى پەللىسىدىن ئۆتكەنىدى. نەتىجىدە، يەن سۇلالىسى 763 ـ يىلى مۇنقەرز بولدى.

ئۆتلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما تەسىرى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. لېۋىس بۇ ھەقتە ئىخچام قىلىپ: «خىتاي تارىخىدا تەكرارلىنىدىغان تېما — ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن رايونلۇق مۇختارىيەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتتۇر» دېگەن. ئۆتلۈك سۆيگۈن قوزغىلىڭى پەقەت ھوقۇق مەركەزدىن يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈنلا مۇمكىن بولغانىدى. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، مەزكۇر قوزغىلاڭ مەيدانغا كەلتۈرگەن تارقاقلاشتۇرۇش (مەركەزدىن چەتنىتىش) نىڭ تەسىرى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىدە بولغاچقا، تاڭ پادىشاھى رايون ئىتتىپاقداشلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى. رايون ئىتتىپاقداشلىرىمۇ شۇنداق قىلىشقا ماقۇل بولدى، ئەمما تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىدى. ئاجىزلاشقان تاڭ قوشۇنى قوزغىلاڭچىلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلالمىدى، ھەم چېگراسىنىمۇ قوغدىيالمىدى، ئاخىرىدا قوزغىلاڭچىلار تاڭ پادىشاھى تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلىندى. تىبەتكە ئوخشاش كۈچلۈك قوشنىلار تاڭ دۆلىتىگە پاراكەندىچىلىك سالدى (توپىلاڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە، تىبەت قوشۇنى پات ـ پاتلا چاڭئەننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۇردى).

شۇ قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەسىرى تېخىمۇ زور بولغان بولۇشى ھەمدە ھەربىي مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تاڭ سۇلالىسى قوزغىلاڭچى سانغۇنلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلدى ۋە ھەربىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتايدىكى بىر قىسىم باي ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان بۇ يېڭى ۋالىيلار مەركىزىي ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ، يىغقان باج ـ سېلىقلار بىلەن ئۆز چۈنتىكىنى تولدۇردى. تېخىمۇ چاتاقى، توپىلاڭنى باستۇرۇش سەۋەبلىك خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان تاڭ سۇلالىسى باج يىغىش فۇنكسىيەسىنى يېڭىلاشقا ئامالسىز قالدى، شۇنداقلا باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئىش ـ ئوقەتتىن مەھرۇم بولغانىدى. ئۆلۈم،

كۆچۈش، شۇنداقلا ھېساب دەپتىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باج ئاساسى ئىلگىرىكىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

باج ئۆزگىرىشى تېخىمۇ زورايدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كىشى بېشىدىن ئېلىنىدىغان باجغا تايىنالمىغاچقا، كىرىم قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتتى. يېڭى سىستېمىدا نوپۇسنىلا ئەمەس، بەلكى بايلىقنىمۇ ئاساس قىلىپ باج يىغىلدى، شۇنداقلا دۆلەت يەنە تۇز ۋە تۆمۈر مونوپوللۇقىدىن قىلىنغان كىرىمگە تاياندى. ئۇشبۇ يېڭىلىقتىن قولغا كەلگەن پايدا خېلى زور بولسىمۇ، ئەمما بۇ رايونچىلىق (regionalism)نى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا، باج يىغىشنى تۆمۈر بىلەن تۇزنى مونوپول قىلغان ئاپپاراتلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. نەتىجىدە، شىمالدىكى ھەربىي ۋالىيلار بىلەن جەنۇبتىكى باجگىر ئەمەلدارلارنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلالمىغان تاڭ سۇلالىسى «ئىسمى بار جىسمى يوق» ھالەتكە كېلىپ قالدى.

خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رايونچىلىقنى ئۆتلۈك سۆيگۈنگە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىلگىرىمۇ يازغىنىمدەك، خىتايغا ئالاقىدار كۆز قاراشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن. لېكىن، 755 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭ سەۋەبلىك مەيدانغا كەلگەن بۆلۈنۈشلەر خىتاينىڭ بىر «ئالتۇن دەۋرى»گە خاتىمە بەردى. مىڭ سۇلالىسى موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىنكى 600 يىلدا، ھېچبىر خىتاي دۆلىتى كۈچ ۋە زېمىن كۆلىمى جەھەتتە تاڭ سۇلالىسىغا يېقىنلىشالمىدى. ئەمما، 756 ـ يىلىدىكى مۇشۇ ھەپتىدە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئۆتلۈك سۆيگۈنىنىڭ ئۆز كەلگۈسىنىڭ تولىمۇ پارلاق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشى چوقۇم.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://supchina.com/2021/02/03/the_end_of_chinas_golden_age/



# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتتىكى «يىگىرمە پىرسەنت» قائىدىسى

براين جېيسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتتىكى «يىگىرمە پىرسەنت» قائىدىسى

براين چېيسى

ۋاقتىمىز ھەرزامان يېتەرلىكتۇر، بىز پەقەت شۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشنى بىلسەكلا بولدى.
جوھان ۋولفگەڭ ۋون گېيوتى (johann wolfgang von goethe)

**ھەر ئىشتا «20/80 پىرىنسىپى»نى تەدبىقلاڭ.**

ۋاقىت ۋە ھاياتىمىزنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۇقۇملار ئارىسىدا، بىزگە ئەڭ پايدىلىق بولغىنى 20/80 پىرىنسىپىدۇر. مەزكۇر پىرىنسىپ بايقىغۇچىسىنىڭ ئىسمى بىلەن «پارېتو پىرىنسىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىتالىيەلىك ئىقتىسادشۇناس ۋىلفرېدو پارېتو (Vilfredo Pareto) 1985 ـ يىلى بۇ جەھەتتە توختالغانىدى. پارېتوغا كۆرە، جەمئىيەت نورمال رەۋىشتە، پۇل ۋە ھوقۇق جەھەتتىن يۇقىرى تەبىقىدىكى يىگىرمە پىرسەنت «مۇھىم ئاز سانلىقلار» بىلەن، تۆۋەن تەبىقىدىكى سەكسەن پىرسەنت «ئەرزىمەس كۆپچىلىك»كە بۆلۈنگەن.

پارېتو يەنە شۇنىمۇ بايقىغان: ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرمۇ بىردەك مەزكۇر پىرىنسىپقا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، سىز نەتىجىلەرنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى يىگىرمە پىرسەنت پائالىيەت ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىسىز؛ مەھسۇلاتلىرىڭىزنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى يىگىرمە پىرسەنت خېرىدارىڭىزغا ساتىسىز؛ دارامىتىڭىزنىڭ سەكسەن پىرسەنتى مەھسۇلات ياكى مۇلازىمىتىڭىزنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىدىن كېلىدۇ؛ ياراتقان قىممىتىڭىزنىڭ سەكسەن پىرسەنتى قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىدىن كېلىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئۇن ماددىلىق تىزىملىكتىكى ئىشلارنىڭ ئىككىسىنىڭ قىممىتى قالغان سەككىزىنىڭكىگە تەڭ كېلىدۇ ياكى شۇلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق بايقاشتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەر بىرىنى قىلىشقا ئوخشاش ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىسى باشقا ھەرقانداق بىرىدىن بەش ياكى ئون ھەسسە كۆپ قىممەت يارىتالايدۇ.

ئۇن ماددىلىق تىزىملىكتىكى بىر ئىش قالغان تۇققۇز ئىشنىڭ جەمئىي قىممىتىگە باراۋەر قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا، (قالغان تۇققۇز ئىشنىڭكىگە باراۋەر قىممەتكە ئىگە) مەزكۇر ئىش شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا سىزنىڭ «پاقا»ڭىزدۇر.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قايسى ئىشلارنى كەينىگە سۆرەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالامسىز؟ ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن يۇقىرىدىكى ئۇن پىرسەنتلىك ياكى يىگىرمە پىرسەنتلىك قاتلامغا تەۋە بولغان ئىشلارنى، يەنى «مۇھىم ئاز سانلىقلار»نى كەينىگە سۆرەيدۇ. شۇنداقلا، بۇنىڭ جايىغا ئەڭ ئەھمىيەتسىز سەكسەن پىرسەنت ئىش بىلەن، يەنى نەتىجىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان «ئەرزىمەس كۆپچىلىك» بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر كۈنبويى ئالدىراشتەك كۆرۈنىدۇ ـ يۇ، ئەمما ھېچقانچە ئىشنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شىركىتى ۋە كەسپىي ھاياتى نۇقتىسىدىن نۇرغۇن ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلەيدىغان بىر ـ ئىككى ئىشتا ھەرۋاقىت سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلىقىدۇر.

ئەڭ مۇھىم ئىشلار كۆپىنچە ھاللاردا ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ بولغانلىرىدۇر. لېكىن، بۇ ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا تاماملاشنىڭ پايدىسى ۋە سەمەرىسى تولىمۇ زور بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئەڭ يۇقىرىدىكى يىگىرمە پىرسەنت ئىش تۇرغان يەردە، تۆۋەندىكى سەكسەن پىرسەنت ئىشلار بىلەن ھەپىلەشمەسلىكنى ئۆزىڭىزگە قەتئىي ئادەت قىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئىشلارنى باشلاشتىن ئىلگىرى دائىم ئۆزىڭىزدىن شۇ سوئالنى سوراڭ: «بۇ ئىش پائالىيەتلىرىمنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى يىگىرمە پىرسەنتكە تەۋەمۇ ياكى تۆۋەن قاتلىمىدىكى سەكسەن پىرسەنتكىمۇ؟».

قائىدە: «ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ئاۋۋال قىلىۋېتىش ۋەسۋەسىسىنى رەت قىلىڭ».

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، ھەرقانداق بىر ئىشنى تەكرار ـ تەكرار قىلىۋەرسىڭىز، ئۇ ئىش ئاخىرىدا ئاسانلىقچە تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان ئادەتكە ئايلىنىدۇ. كۈنلىرىڭىزنى ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئىشلار بىلەن باشلاۋەرسىڭىز، ئۇزاققا قالمايلا شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالىسىز. ھالبۇكى، بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

ھەرقانداق مۇھىم ئىشنىڭ ئەڭ قىيىن يېرى شۇ ئىشنى باشلاشتۇر. لېكىن، ئۇنى بىر قېتىم باشلىۋالسىڭىزلا، داۋاملاشتۇرۇشقا بولغان تەبىئىي تۈرتكە ھاسىل بولىدۇ. زېھنىڭىزنىڭ بىر بۆرجىكى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغان جىددىي ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز زېھنىڭىزنىڭ شۇ بۆرجىكىنى ھەرۋاقىت «ئوزۇقلاندۇرۇپ» تۇرۇشتۇر.

مۇھىم بىر ئىشنى باشلاشنى ۋە تاماملاشنى ئويلاشمۇ سىزگە رىغبەت ئاتا قىلىدۇ ۋە سۆرەلمىلىكتىن ساقلىنىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچە ھاللاردا مۇھىم بىر ئىشنى تاماملاشقا ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى تاماملاشقا قارىغاندا كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. بۇ ئارىدىكى پەرق

شۈكى، مۇھىم ۋە قىممىتى بار ئىشلارنى قىلىشتىن ئاجايىپ غۇرۇر ۋە رازىمەنلىك تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوخشاش مىقداردا ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلغان ئەھمىيەتسىز ئىشىڭىز سىزگە ناھايىتى ئاز رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ ياكى پەقەتلا ئاتا قىلالمايدۇ.

ۋاقىت باشقۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە ھاياتنى باشقۇرۇشتۇر. بۇنى «پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپىنى تىزگىنلەش» دېسەكمۇ بولىدۇ. ۋاقىت باشقۇرۇش بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى تىزگىنلەشتۇر. شۇنداقلا، سىز ھەرۋاقىت كېيىنكى باسقۇچتا قايسى ئىشنى قىلىشنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى ئايرىش ئىقتىدارىڭىز ھاياتىڭىز ۋە خىزمىتىڭىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ھوسۇلدار ئىنسانلار ئىشنى ئەڭ مۇھىملىرىدىن باشلاپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ «پاقا» - قانچىلىك بەتتام بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - نى يېيىشكە مەجبۇرلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ. سىزنىڭمۇ يولىڭىز ۋە مېتودىڭىز ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك.

## ئۇ «پاقا»نى يەۋېتىڭ!

ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم نىشانلارنىڭ، پائالىيەتلەرنىڭ، پىلانلارنىڭ ۋە مەسئۇلىيەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇڭ. بۇلارنىڭ قايسىلىرى سىز ئارزۇلىغان نەتىجىلەرنىڭ سەكسەن ياكى توقسان پىرسەنتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، يۇقىرى قاتلامدىكى ئون ياكى يىگىرمە پىرسەنتكە تەۋە؟

دەرھال بۈگۈندىن ئېتىبارەن، ھاياتىڭىزدا ۋە خىزمىتىڭىزدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغان ساھەلەرگە بارغانسېرى كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىشقا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممىتى تۆۋەن ئىشلارغا بارغانسېرى ئاز ۋاقىت ئاجرىتىشقا باشلاڭ.

**«ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق كىتابنىڭ ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى**



# ئوتتۇرا شەرقنىڭ سوغۇق ئۇرۇشى

# ئوتتۇرا شەرقنىڭ سوغۇق ئۇرۇشى

ئىلاۋە: مەزكۇر ماقالە 2017 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ماقالىدىكى بەزى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئالاقىدار بايانلارغا مۇشۇ ۋاقىتنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئوتتۇرا شەرق دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ رايونلارنىڭ بىرى، بۇ يەردە ھازىر ئۈتۈقسىز دۆلەت (failed state ـ ئۈتۈقسىز دۆلەت: «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ھۆكۈمەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مۇئەييەن ئاساسىي شەرتلەرنى ھازىرلىيالمىغان ۋە ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالمىغان» دەپ قارالغان دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) تىن تۆتى بار بولۇپ، بۇ يەردە ئۈچ ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتىدۇ، شۇنداقلا چوڭ دۆلەتلەر بۇ ئۇرۇشلاردا بارغانسېرى بىر ـ بىرىگە قارشى سەپلەردە ئورۇن ئېلىۋاتىدۇ.

مەزكۇر رايوندا، سانسىزلىغان قوراللىق كۈچلەر ۋە گۇرۇھلار چېگرا ھالقىغان ھالدا پائالىيەت قىلماقتا. ھالبۇكى، بۇ رايوندىكى توقۇنۇش 20 ـ ئەسىردىلا باشلانغان بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىراندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت (مەزكۇر رايوندىكى) بارلىق قوزغىلاڭلار، ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە توپىلاڭلارنىڭ «غوللۇق ئىشتىراكچىلىرى»دەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشنى چۇشىنىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ھالبۇكى، سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئەزەلدىن بىر ـ بىرىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىپ باقمىغان. ئەكسىچە، ئۇلار باشقا دۆلەتلەردە توقۇنۇشۇۋاتقان قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنى قوللاش ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئارقىلىق، بىر ـ بىرى بىلەن ۋاستىلىق جەڭ قىلىدۇ. «ۋاكالەت ئۇرۇشى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل ئۇرۇشلار مەزكۇر رايونغا ۋەيران قىلغۇچ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. دۆلەتلەر، بولۇپمۇ نامرات دۆلەتلەر ئۆز زېمىنىدا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەر بار ئەھۋالدا نورمال فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىران ئىككىلىسى بۇ ئىچكى ئۇرۇشلارنى ھەم غايەت زور تەھدىت، ھەم غايەت زور يوشۇرۇن پۇرسەت دەپ قارايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىراننىڭ رىقابىتى نوپۇز كۈرىشىگە، مەزكۇر رايون (ئوتتۇرا شەرق) بولسا ئومۇمىيۈزلۈك جەڭگاھقا ئايلاندى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى رىقابەت «سوغۇق ئۇرۇش» دەپ ئاتالماقتا.

ئەڭ داڭلىق سوغۇق ئۇرۇش ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا 40 يىل داۋاملاشتى. ئۇلار ئۆز بايرىقىنى پۈتۈن دۇنيادا لەپىلدىتىدىغان كۈنىنى كۈتۈپ، ئەزەلدىن بىر - بىرىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «ۋاكالەت ئۇرۇشلىرى»دا توقۇنۇشتى. ھەر ئىككى تەرەپ باشقا دۆلەتلەردىكى دىكتاتور، توپىلاڭچى گۇرۇپپىلارنى قوللاپ، قارشى تەرەپنى چەكلەش ئۈچۈن (شۇ دۆلەتلەردىكى) ئىچكى ئۇرۇشلارغا ئارىلاشتى. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىرانمۇ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاشلا ئۆزئارا كۈچلۈك رەقىبلەردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار (ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش) دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تىركەشمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىراننىڭ ئارىسىدىكى رىقابەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىغا نەزەر سالايلى.

1900 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەر بار ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى يىمىرىلىپ، بۇ قەبىلىلەر ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىشقا باشلىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «ئەل سەئۇد» دېگەن قەبىلە ئاخىرىدا يېرىم ئارالنىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇردى ۋە 1932 - يىلى «سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستاندا غايەت زور نېفىت زاپىسى بايقىلىپ، بۇ دۆلەت تۇيۇقسىزلا بېيىپ كەتتى. ئۇلار نېفىتتىن قىلغان تاپاۋەتكە تايىنىپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تاشيول ياساپ، شەھەرلەرنى قۇردى. شۇنداقلا، بۇ قەدەر مول نېفىت زاپىسى سەئۇدىنىڭ (ھەرۋاقىت نېفىتكە كۆز تىكىپ تۇرىدىغان) ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىگە تۈرتكە بولدى.

پارس قولتۇقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىمۇ يەنە بىر دۆلەت، يەنى ئىران قەد كۆتۈرۈۋاتقانىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۈنلىرى سەئۇدىنىڭكىدىن كۆپ جاپالىق ئىدى. ئىراننىڭ غايەت زور نېفىت زاپىسى ۋە ئىنتايىن كۆپ شىئە نوپۇسى بار ئىدى. لېكىن، چەتئەلنىڭ توختىماي ئارىلىشىشى دۆلەت ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. 18 - ئەسىردىن باشلاپ، ئىران رۇسلارنىڭ ۋە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئىككى قېتىملىق تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. 1953 - يىلى، ئامېرىكا مەخپىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىراننىڭ ئالقىشقا سازاۋەر باش مىنىستىرى مۇھەممەد موساددىگ (Mohammed Mosaddegh) نى تەختتىن غۇلىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىراننى دەھرىي (سېكۇلارمۇ دېيىلىدۇ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىلغان سىياسىي تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ) ۋە غەربلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن كۈچەۋاتقان پادىشاھ رىزا شاھنى يۆلىدى. ئەمما رىزاھ شاھ مەملىكەتتىكى چىرىكلىك قىلمىشلىرىغا قانات يېيىپ، ئۆزىنىڭ مەخپىي ساقچى تەشكىلاتى «ساۋاك» (پارسچە «سازمان اطلاعات و امنیت کشور»نىڭ قىسقارتىلمىسى) بىلەن خەلقكە ۋەھىمە سالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئوخشاشلا نېفىتنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ۋە ئامېرىكانىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى تامامەن پەرقلىق ئىدى. ئىران شاھى زور كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۆز خەلقىنى كونترول قىلالمىغان، ياكى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ئېتىراپىغا ئېرىشكىنىدەك، ياخشى كۆرۈش ۋە ئېتىراپىقا ئېرىشەلمىگەنىدى. نەتىجىدە، ئىران شىئەلىرى ئۆزلىرىنى رىزا شاھنىڭ ئىسلاھاتىدا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا شاھقا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە نەتىجىدە «ئىران ئىسلام ئىنقىلابى» ھەربىي كۈچكە تەمانىنا قويىدىغان كۈچلۈك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي جىددىيچىلىك 1979 ـ يىلى، يەنى ئايەتۇللاھ ھۇمەينى «ئىسلام (شىئە) ئىنقىلابى» ئارقىلىق رىزا شاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا باشلاندى. ئايەتۇللاھ ھۇمەينى شىئە مەزھىپىگە تەۋە دىنىي زات بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى غەربنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى دەھرىي پادىشاھلىقلارغا قارشى تەشۋىقات ـ تەرغىباتلارنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئاممىباب، شىئەلەرنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىنى ئاساس قىلغان، شىئە دىنىي زاتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. دېگەندەك ئۇ 1979 ـ يىلى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئاشۇنداق ھاكىمىيەتنى بىرنى قۇرۇپ چىقتى. كەڭ كۆلەملىك، خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە مەزكۇر ۋەقە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا جىددىي ئىنكاس قوزغىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنقىلابتىن كېيىن، ئىراننىڭ «ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىش»قا باشلىشى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنى تەشۋىشلەندۈردى.

ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ 1980 ـ يىلىدىكى دوكلاتىدا ئىراننىڭ ئىراق، ئافغانىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرماقچى بولۇۋاتقان، كۆپىنچىسى شىئە مەزھىپىگە تەۋە بولغان گۇرۇھلارغا قانداق ياردەم بېرىشكە باشلىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئىران ئەنە شۇ رەۋىشتە سەئۇدى ئەرەبىستاننى ئىرانغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ھەسسىلەپ كۈچ چىقىرىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە، سەئۇدى ئەرەبىستان ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى (Gulf Cooperation Council) نى قۇرۇپ، پارس قولتۇقىدىكى پادىشاھلىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇرۇش، يەنى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ سەھنىسى ھازىرلاندى. ئىراننىڭ رايونلۇق كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈشىدىن تەھدىت ھېس قىلغان، شۇنداقلا «بىرگە قارشى بەش»لىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىراق قوشۇنلىرى تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئىرانغا يەتتە جايدىن ھۇجۇم قىلدى.

1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، دىكتاتور سادام ھۈسەيىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراق ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئىران ئىنقىلابىنى تىنجىتىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشنى ۋە ئىراننىڭ بىر قىسىم نېفىت زاپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. ئەمما ئىراق قوشۇنلىرى يىراققا بارالمىدى. مەزكۇر ئۇرۇش ئاكوپ ئۇرۇشلىرى، خىمىيەلىك قوراللار ۋە پۇقرالارنىڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىشى سەۋەبلىك، پۈتۈنلەي قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئىران غەلىبە قىلىشقا باشلىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستان دەرھال ئىراققا ياردەم قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇلارنى پۇل، قورال ۋە ئارقا سەپ ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. چۈنكى، سەئۇدى ئەرەبىستان ئىراقنى يۆلەپ، ئۇنى ئىراننى توسىدىغان مۇھىم سېپىلغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلايتتى. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ياردىمى ئىراقنىڭ تىركىشىشىنى 1988 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بۇ سەككىز يىللىق ئۇرۇش مابەينىدە ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشىدا، بىر مىليونغا يېقىن ئادەم جېنىدىن ئايرىلغانىدى. ئىران سەئۇدى ئەرەبىستاننى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق جاۋابكارى دەپ ئەيىبلىگەچكە، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى خۇسۇمەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

ئارىدىن 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىراق يەنە «ۋاكالەت ئۇرۇشى» مەيدانىغا ئايلاندى. 2003 ـ يىلى ئامېرىكا ئىراققا تاجاۋۇز قىلىپ، سادام ھۈسەيىننى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران ئىككىلىسى ئۆز ئارىسىدا «ئۆتكۈنچى بەلباغ»لىق رولىنى ئويناۋاتقان ئىراقتا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايتتى. ئەمما ئامېرىكا سادامنى تەختتىن غۇلىتىش ھەلەكچىلىكىدە ۋەزىيەتنى مالىمانلاشتۇرۇۋەتتى. ئامېرىكا 2003 ـ يىلىدىن كېيىن ئىراقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي قايمۇقۇپ قالدى. شۇنداقلا، ئۇلار (ئامېرىكا)نىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن خاتالىق سادىر قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەمەلىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان «ئۆتۈۋقسىز دۆلەت» شەكىللەندى ۋە ئىراق ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ھۆكۈمەت بولمىغاچقا، قوراللىق گورۇھلار ئىراقنى كونترول قىلىپ، خەلقنى پارچىلىدى. سۈننىي ۋە شىئە قوراللىق گورۇھلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ كەتتى.

بۇ قوراللىق گورۇھلار سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىران ئۈچۈن تەييار «ۋاكالەتچى»لەر بولۇپ، ھەر ئىككى دۆلەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىراق زېمىنىدا تەسىرىنى زورايتىشقا ئۇرۇندى. سەئۇدى ئەرەبىستان سۈننى مەزھىپىدىكى، ئىران بولسا شىئە مەزھىپىدىكى قوراللىق گورۇھلارغا پۇل ۋە قورال ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئىراق تۇيۇقسىزلا سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران قارىمۇ قارشى تەرەپىنى قوللايدىغان «ۋاكالەت ئۇرۇشى» مەيدانىغا ئايلاندى.

بۇ خىل يۈزلىنىش 2011 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرقنى قاپلىغان، پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى، دېموكراتىيەنى تەرغىب قىلىدىغان بىر قاتار نامايىشلارغىچە، يەنى «ئەرەب باھارى» غىچە داۋاملاشتى (ئەلۋەتتە، بۇنىڭ شۇ دۆلەتلەر ئۈچۈن باھار ياكى زىمىستان بولغانلىقىغا باھا بېرىشتە، مۇشۇ

«باھار» بورىنىنى باشتىن كەچۈرگەن لىۋىيە، يەمەن، سۈرىيە قاتارلىق بىر قانچە دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ).

سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىران «ئەرەب باھارى»غا تامامەن پەرقلىق ئىنكاس قايتۇردى.

بۇ دولقۇن رايوندىكى مەۋجۇت تەرتىپ (status quo) نىڭ بەرپاچىسى ۋە نوپۇز ساھىبى بولغان سەئۇدىي ھاكىمىيىتىنى تەشۋىشكە سالدى. سەئۇدى ئەرەبىستان بۇ رايون (ئوتتۇرا شەرق)نىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنداقلا ھېچقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ مەۋجۇت دىكتاتور ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ سەئۇدى خەلقىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئىران بولسا رايوندىكى مەۋجۇت تەرتىپكە چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشى. ئۇلار نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا رايون تەرتىپىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى.

«ئەرەب باھارى» داۋامىدا، ھەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرا شەرقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلارنى قوللىدى. ئىراقتىكىگە ئوخشاش، سەئۇدى ئەرەبىستان سۈننىي مەزھەپىدىكى گۇرۇپپىلارنى ۋە ھۆكۈمەتلەرنى قوللىسا، ئىران شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ سۈننىلەر سېپىدىكىلەرگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

مەسىلەن، تۇنىستا، سەئۇدى ئەرەبىستان مەۋجۇت ھۆكۈمدارنى قوللىسا، ئىران كىشىلەرنى نامايىشقا كۈشكۈرتتى.

بەھرەيندە، ئىران ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان شىئە رەھبەرلىرىنى قوللىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا ئەسكەر ئەۋەتىپ قالايمىقانچىلىقنى تىنجىتىشقا ياردەم بەردى.

ھەر ئىككى دۆلەت يەنە لىۋىيە، لىۋان ۋە ماراكەشنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقتى. ھازىر بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جېدەل تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ھەر ئىككى دۆلەت بۇ جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. يەمەندە سەئۇدى ئەرەبىستان ئارمىيەسى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. ئىران بولسا سۈننى ئەقىدىگە مايىل ھۆكۈمەتكە قارشى «خۇسىيلار» دەپ ئاتىلىدىغان شىئە گورۇھىنى قوللايدۇ. يەمەن ھۆكۈمىتى ئىراننىڭ «ۋاكالەتچى»سى بولغان، «خۇسىيلار» دەپ ئاتىلىدىغان قوزغىلاڭچىلارغا قارشى كۈرەش قىلماقتا. بۇنىڭ دەل ئەكسى سۈرىيەدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئىران ئارمىيىسى سۈرىيەدە شىئە ـ راپىزى ئەقىدىسىدىكى بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىگە ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن، ھىزبۇللاغا ئوخشاش رادىكال تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوراللىق گۇرۇھلار بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ «ۋاكالەتچى»لىرى بولغان ئۆكتىچى سۈننى قوراللىق كۈچلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلماقتا. ئوتتۇرا شەرقتە

ئىچكى ئۇرۇش قانچە كۆپ پارتىلىغانسېرى، سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئىرانمۇ بۇ ئىشلارغا شۇنچە بەك قول تىقىۋاتىدۇ.

مەيلى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى، مەيلى ئىران ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ئىزدەۋاتقىنى يوق. ئەمما مەسىلە شۇكى، (ئوتتۇرا شەرقتىكى) بۇ ئىچكى ئۇرۇشلار ھېچكىم پەرەز قىلالمايدىغان ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئىچكى ئۇرۇشلاردا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ئىشلار ــــ ھەر ئىككى دۆلەت بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە قارشى تەرەپنى سەۋەبچى دەپ قارايدۇ ــــ تۇيۇقسىز، ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان بىردەك ئۆزلىرىنىڭ ھالقىلىق دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. ھازىر باشقا دۆلەتلەرمۇ بۇ سوغۇق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلىۋاتىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاۋاتقان پارس قولتۇقىدىكى كىچىك دۆلەت قاتارغا تەھدىت سالماقتا (يېقىندا سەئۇدى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى قاتار بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇردى). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈرىيە ۋە ئىراقتىكى «شام ئىسلام دۆلىتى»نىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ئاز قالدى، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىران ئىككىلىسى بۇ رايوننى كونترول قىلىشنى ئويلايدۇ. مەزكۇر سوغۇق ئۇرۇش ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا شەرقنىڭ داۋاملىق مۇقىمسىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يەنە قانچىلىك كۈچ سىنىشىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس.

ماقالىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىشى ئۈچۈن كىچىككىنە ئەسكەرتىش:

ئىسلام دۇنياسىنى ئەقىدە جەھەتتىن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسى ۋە شىئە ئەقىدىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئىسلام ئۈممىتىنىڭ توقسان پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. (سىرتتىن كۆزەتكۈچىلەر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئومۇمىي قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن بۇ تۈپنى «سۈننىي مەزھەپ»، بۇ تۈپقا تەۋە مۇسۇلمانلارنى «سۈننىي مۇسۇلمان» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى «ئەھلى سۈننەت» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دېگەنلىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ماڭغۇچى دېگەن مەنىدىدۇر.) شىئەلەر مۇھەممەد ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. شىئەلەر ئۆزلىرىنى ئەھلى بەيتىنىڭ — مۇھەممەد ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسەللەمنىڭ بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئاتىۋېلىشقان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەچچە يۈز مىڭ ساھابىسىدىن بىر ئىككىسىدىن باشقىسىنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ (ساھابىلەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامغا ياردەم بەرگەن تۇنجى ئەۋلاد تەقۋادار مۇسۇلمان ئەجدادلاردۇر.) شىئەلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ھاقارەتلەيدۇ. ھەزرىتى ئەلىنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەزرىتى فاتىمە، ھەزرىتى ھۈسەيىن قاتارلىقلارغا چوقۇنىدۇ. قەبرىدىن، ئۆلۈكتىن ياردەم سورايدۇ. قۇرئانغا شۈبھە بىلەن قارايدۇ، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ يول بىلەن كەلگەن ھېچبىر سەھىھ ھەدىسنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا يالغان ھەدىس توقۇپ، شۇ يالغان ھەدىسلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ھەتتا، ئۆزىنى شىئەگە تەۋە قىلغانلار ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان بىر تائىپە مەۋجۇت.

شىئەلەر ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن مەزھەپ، پىرقىلەرگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسى ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىنى (ئىسلامنى تاللىغان ئۇيغۇرلار كەڭ مەنىدىن ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىغا تەۋە) ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ. ئىسلام تارىخىدىن، ئوتتۇرا شەرق تارىخىدىن ياخشى خەۋەردار ھەر قانداق بىرى شىئەلەرنىڭ تارىختىن بۇيان پەقەت ۋە پەقەت مۇسۇلمانلارغا — ئەھلى سۈننەتكە قارشىلا ئۇرۇش قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىسلام ئالىملىرى — ئىنتايىن ئاز ساندىكى مۆتىدىل ئازغۇن شىئەلەردىن سىرتىدىكى — شىئە-راپىزىلارنى ئىسلام ئۈممىتىدىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

خەلقىمىزنىڭ يۇقىرىقى ھەقىقەتلەرنى بىلىپ قېلىشى دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن پايدىلىق.

سەئۇدى ئەرەبىستان بولسا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئاتامانى بولۇش، ئۆز دۆلىتىنى تېخىمۇ بېيىتىش، غەربىنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە دۆلەتنى بارغانچە ئەركىنلەشتۈرۈش، بارچە ھەقسىزلىك ۋە بارچە دەپسەندىچىلىككە پەرۋايى پەلەك ھالدا بېيىش ۋە سەئۇد جەمەتىنىڭ دۆلەتكە مەڭگۈ خوجا بولۇشى يولىدا ھېچقانداق ۋاستە تاللىماستىن تىنىمسىز رەۋىشتە ئىلگىرىلىمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=veMFCFyOwFI



# ياسر قازى

## ياسىر قازى

ياسىر قازى (Yaseer Qadhi / Yasir Qadhi) پاكىستان ئەسلىلىك ئامېرىكالىق ئىسلام زىيالىيسى بولۇپ، ئۇ ئون يىللار مابەينىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىدا كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان دىنىي دەۋەتچىلەردىن بىرىدۇر.

ياسىر قازى 1975 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ تېكساس شىتاتى، خيۇستۇن شەھرىدە پاكىستان ئەسلىلىك زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى دوختۇر، ئانىسى بىئولوگ بولۇپ، ياسىر قازى بەش ياشقا كىرگەندە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھرىگە كۆچۈپ بارغان. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى سەئۇدى ئەرەبىستاندا پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئامېرىكاغا قايتىپ كېلىپ، خيۇستۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىمىيە ئېنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە باكلاۋېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى ۋە ھەدىسشۇناسلىق كەسپى بويىچە باكلاۋېرلىق ئۇنىۋانىغا، ئىسلام ئەقىدىسى كەسپى بويىچە ماگىستېرلىق ئۇنىۋانىغا ئېرىشكەن. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ئامېرىكانىڭ يېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاماملىغان.

ياسىر قازىنىڭ ئىسلام، قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلىگەن دەرس ۋە لېكسىيەلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ يۇتيۇب، تىۋىتتېر، فېيسبۇك قاتارلىق سۇپىلاردا نەچچە مىليون ئەگەشكۈچىسى بار. ئۇنىڭ يەنە ئەرەبچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان بىر تۈركۈم مۆتىۋەر ھەدىس كىتابلىرىمۇ ئىنگلىز تىللىق ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلماقتا.

ئۇ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىنسانىيەتكە مىسلىسىز بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگەن ئاتالمىش «ئىراق ـ شام ئىسلام دۆلىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى ھېسابلانغان دابىق ژۇرنىلىدا بىلال فىلىپس، شۇئەيب ۋېب، ھەمزە يۇسۇپ قاتارلىق دەۋەتچىلەر بىلەن بىر قاتاردا مۇرتەد (ئىسلامدىن يۈز ئۆرىگەن كاپىر) دەپ تۆھمەتلەنگەن.

ياسىر قازى نۆۋەتتە ئامېرىكا مەغرىب ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، بىر نەچچە ئىلمىي ئىسلامىي قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئامېرىكانىڭ تېكساس شتاتى، داللاس شەھرىدىكى غەربىي پلانو ئىسلام مەركىزى مەسجىدىدە ئىماملىق ۋە خاتىپلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. ياسىر قازىنى ۋە ئىدىيەلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تونجى بولۇپ تونۇشتۇرغان كىشى دوكتور ئەركىن سىدىق

ئەپەندىدۇر. ئۇ 2012 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بىر تۈركۈم ماقالىلىرىدە ياسىر قازىنىڭ ئىدىيەلىرى ۋە دىننى چۈشەندۈرۈشى ھەققىدە توختالغان.

دوكتور ياسىر قازى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇم توغرىسىدا 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ بارغانچە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، غەرب دۇنياسىدا زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئىسلام دەۋەتچىسى ياسىر قازىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىزچىل قوللىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇملار ھەققىدە مەخسۇس لېكسىيەلەر سۆزلىشى، مىللەتسۆيەر ۋە دىن سۆيەر ئاكتىۋىست ئوغلانىمىز ئارسلان ھىدايەت قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى نەتىجىسىدە، غەربتىكى مۇسۇلمانلار ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن يەنىمۇ بىر بالداق يېقىندىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

بىز ياسىر قازىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرەپتە، جۈملىدىن ھەق تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتىكى ئاۋازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. مىللەتسۆيەر ۋە دىنسۆيەر قېرىنداشلارنى غەربتىكى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى دەۋەتچىلەرگە ئىزچىل رەۋىشتە مەسىلىمىزنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئىسلام ئۈممىتى ئارىسىدا كۈنتەرتىپكە كېلىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىششقا چاقىرىمىز.

**ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى**




# ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئىشلەتكەن ئېلېكترونلۇق بۇيۇملار

# ئامېرىكا پرېزدېنتى ئىشلىتىدىغان ئېلېكترونلۇق بۇيۇملار

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارىلىدىغان دۆلەتنىڭ پرېزدېنتى ئۆزى خالىغان ھەرقانداق پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتىنى ئىشلىتەلەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق، ئامېرىكا پرېزدېنتى جوۋ بايدېن ئىشلىتەلەيدىغان كۈندىلىك پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى سىزنىڭكىدىنمۇ ئاز بولۇشى مۇمكىن.

بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئامېرىكا پرېزدېنتىنىڭ يېنىدىكى ھەرقانداق ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات خاككېرلار كۆز تىككىدىغان 1 - نومۇرلۇق نىشان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئامېرىكا پرېزدېنتى ئىشلىتەلەيدىغان ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارغا قاتتىق چەك قويۇلىدۇ.

2000 - يىلىدىن ئىلگىرى، ئىشلار بۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا خاككېرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار نەرسىلەردىن خۇسۇسىي كومپيۇتېر بىلەن ئەنئەنىۋى يانفونلا بار ئىدى.

يەنە كېلىپ، مەخسۇس بىخەتەر لىنىيە ئارقىلىق ئۆزى خالىغانلار بىلەن پاراڭلىشالايدىغان پرېزدېنتنىڭ يانفونغا نېمە ئېھتىياجى بار دەيسىز؟

ئەمما، 2009 - يىلىغا كەلگەندە، (ئاقسارايدا) مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئامېرىكا پرېزدېنتى بولغان ئوباما ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزى ياقتۇرىدىغان **Blackberry** ماركىلىق يانفوننى ئىشلەتمەسلىككە ئۇنىماي، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مۇشۇ ھەقتە نەچچە ھەپتە تالاش - تارتىش قىلدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ مۇنازىرىدە ئوباما ئۇتۇپ چىقىپ، داۋاملىق **blackberry** ماركىلىق يانفوننى ئىشلىتىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. لېكىن، بۇنىڭغىمۇ «يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە يېقىن دوستلار بىلەنلا ئالاقە قىلغاندا ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دەپ چەك قويۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا پرېزدېنتلىرى ئىشلەتسە بولىدىغان پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بېشىنى قاتتىق قاتۇردى.

پرېزدېنت دەرىجىلىك ئايپەد

2010 - يىلى، ئايپەد دۇنياغا كېلىشى بىلەن، ئامېرىكا پرېزدېنتى (ئوباما)نىڭمۇ بۇنىڭدىن بىرنى ئىشلەتكۈسى كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىلىرى ئوباما ئۈچۈن بىخەتەرلىك دەرىجىسى يۇقىرى، پىرىزدېنت دەرىجىلىك ئايپەدنى مەخسۇس قۇراشتۇرغۇزدى.

ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىدا تور بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان ئارى شىۋارتىز (Ari Schwartz) نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئوباما ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن، بىخەتەرلىك دەرىجىسى يۇقىرى ئايپەد ئىشلەتكەن.

لېكىن، بۇلارنىڭ قولدا ئايپەد بار بولغىنى بىلەن، ئاقسارايدا wifi يوق ئىدى.

شىۋارتىز بۇ ھەقتە: «ئاقسارايدا wifi يوق. بىز ھەتتا مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، ئاخىرىدا < wifiئاسانلا بىخەتەرلىك يوچۇقىغا سەۋەب بولىدۇ> دېگەن پىكىردە بىرلىككە كەلگەنىدۇق» دەيدۇ.

ئوبامادىن كېيىن، ئاقساراي تەختىگە ئولتۇرغان، پىرىزدېنتلىق مەزگىلىدە ئىزچىل تۇتېردىكى ئەڭ داڭدار شەخسلەردىن بىرى بولغان دونالد تىرامپمۇ خۇسۇسىي يەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىش تەلىپىدە چىڭ تۇرغان. ئەمما، نۇرغۇن خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، ئۇ كومپيۇتېر ۋە ئېلخەت ئىشلىتىشنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قەغەز ھۆججەتلەر ئارقىلىق ئالاقە قىلىشنى تاللىغان.

بايدېننىڭ چېنىقىش ۋېلىسپىتى

ئەگەر ئون يىل ئاۋۋالقى ئايپەد بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىلىرىنى تەشۋىشلەندۈرگەن بولسا، تور دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ئۇلارنى ئۇخلىيالماس قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

خارۋارد كېنىدى ئىنستىتۇتى (Harvard Kennedy School) نىڭ لېكتورى بىرۇس شنېيېر (Bruce Schneier) نىڭ بىلدۈرۈشىچە، تورغا ئۇلانغان ھەرقانداق ئۈسكۈنە خۇددى تور سىمى چېتىلغان كومپيۇتېرغا ئوخشاشلا خاككېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىكەن.

«چېنىقىش ۋېلىسپىتى، يانفون، ئەقلىي توڭلاتقۇ، ئويۇنچۇق، ئۆي تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشىگۈچ، ئاپتوموبىل قاتارلىق تورغا ئۇلىنالايدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەرقاندىقى خاككېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى مۇمكىن» دەيدۇ ئۇ.

ئامېرىكانىڭ يېڭى پىرىزدېنتى بايدېنمۇ يەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى ھەۋەسكارى بولۇپ، ئۇ ئالما ماركىلىق ئەقلىي سائەت، پېلوتون (peloton) ماركىلىق چېنىقىش ۋېلىسپىتى ئىشلىتىدۇ. مەزكۇر ۋېلىسپىتكە كومپيۇتېر ئېكرانى، كامېرا ۋە مىكروفون سەپلەنگەن بولۇپ، تورغا ئۇلىنالايدۇ.

شنېيېرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بايدېننىڭ بىخەتەرلىك خىزمەتچىلىرى چېنىقىش ۋېلىسپىتىنىڭ كامېراسىنى ياكى باشقا زاپچاسلىرىنى ئېلىۋەتسە، بۇ ئۈسكۈنە نىسبەتەن بىخەتەر بولىدىكەن.

لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ «يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتى»لىق خۇسۇسىيىتىنىمۇ يوقىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ستەنفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى ھېربېرت لىن (Herbert Lin) غا كۆرە، نۆۋەتتە خاككېرلار ھۇجۇم قىلالمايدىغان ئۇسكۇنىلەرنى تېپىش بەسي مۇشكۈل.

«خاككېرلار ھۇجۇم قىلالمايدىغان ئۇسكۇنىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھېچقانچە ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل (يەنى خاككېرلار ھۇجۇم قىلالمايدىغان) ئۇسكۇنىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە (تورغا ئۇلانمىغانلىقى سەۋەبلىك) باشقىلار بىلەن ئالاقىلاشقىلى بولمايدۇ».

ئەقلىي، لېكىن بىخەتەر ئەمەس.

بۇ جەھەتتىكى ئەڭ بىخەتەر تاللاش ھېچقانداق پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتىنى ئىشلەتمەسلىك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئىككى نەپەر سابىق پرېزدېنت بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن.

قاتتىق دېتاللار تۈرىگە تەۋە بولغان پەن ـ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىدىن سىرت، يۇمشاق دېتال تۈرىدىكى يانفون ئەپ (App) لىرىمۇ بىخەتەرلىك يوچۇقىغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

بايدېنىنىڭ تەزكىرە يازغۇچىسى ئىۋان ئوسنوس (Evan Osnos) نىڭ كۆرسىتىشىچە، بايدېن ئايفوندا خەۋەر دېتالى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، مۇشۇ جەھەتتىمۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسى كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئىكەن.

شۋارتىزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يۇمشاق دېتاللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىكەن. چۈنكى، بارلىق يۇمشاق دېتاللار يىراق ئۆچتىن يېڭىلىنىدىغان بولغاچقا، مەلۇم بىر ئەپنى سېتىۋېلىپ (ياكى ھەقسىز چۈشۈرۈپ) ئىشلىتىشكە باشلىغان چېغىڭىزدا، ئۇ تامامەن بىخەتەر بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن شۇ يۇمشاق دېتال يېڭىلىنىش جەريانىدا، باشقىلار ئۇنىڭغا يامان غەرەزلىك پروگراممىلارنى كىرگۈزۈۋېتەلەيدىكەن.

شىنېيېرمۇ مەزكۇر قاراشنى قۇۋۋەتلەپ، «بارلىق يۇمشاق دېتاللاردا يوشۇرۇن بىخەتەرلىك خەۋپى بار. چۈنكى، ھازىرقى بارلىق يۇمشاق دېتاللار تورغا ئۇلىنىدىغان بولغاچقا، ئاسانلا زەربىگە ئۇچرايدۇ» دېدى.

ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال

يېقىندا، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تورىغا رۇس خاككېرلىرىنىڭ سوقۇنۇپ كىرگەنلىكى، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى، سودا مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ھۇجۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى.

تېخىمۇ يامان بولغىنى، بۇ خاككېرلارنىڭ (ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تورىغا) سوقۇنۇپ كىرگەنلىكى بايقالغاندا، بۇ ئىشقا ئاللىقاچان بىر قانچە ئاي بولغانىدى.

بۇ مۇنداق ئىككى رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: (1) چەتئەل خاككېرلىرى ئامېرىكانىڭ تور بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىشقا ئۇرۇنماقتا؛ (2) ئامېرىكانىڭ تور بىخەتەرلىكى سىستېمىسىدا يوچۇق مەۋجۇت.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكى، خاككېرلار پىرىزدېنتنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇسكۇنىسىگە سوقۇنۇپ كىرگەن، ئەمما بايقالمىغان ئەھۋالدۇر.

مەسىلەن، خاككېرلار پىرىزدېنتنىڭ ئايفونىغا سوقۇنۇپ كىرسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى خاككېرلارنىڭ ئوغرىلىقچە تىڭشاش، ئوغرىلىقچە نازارەت قىلىش ئۇسكۇنىسىنى ياندا ئېلىپ يۈرگەندەكلا بىر ئىش. بۇ خىل ئېھتىماللىق ئاقسارايىنىڭ بىخەتەرلىك خادىملىرىنىمۇ تەشۋىشلەندۈرمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقىلارنى بىلگەندىن كېيىن، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولغان بايدېننىڭ ئىشلىتىشىگە يول قويۇلغان ئېلېكترونلۇق ئۇسكۇنىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭكىدىنمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭىزغۇ دەيمەن؟

**ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى**

مەنبە:

https://www.bbc.com/zhongwen/simp/science-55848783



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

**(2021-يىلى 1– ئاينىڭ 22 – كۈنىدىن 2– ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە)**

# ئايلىق خەۋەرلەر

## ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە خەلقئارالىق مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان مۇھىم خەۋەرلەر

**(2021 ـ يىلى 22 ـ يانۋاردىن، 2021 ـ يىلى 24 ـ فېۋرالغىچە)**

### خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا قارشى تۈرك مەتبۇئاتلىرى سادا چىقىرىشقا باشلىماقتا

ئانادولۇ ئاگېنتلىقى 22 ـ يانۋار «ئائىلەم قەيەردە؟» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە ئالىمجان تۇردىنىياز، ئامىنە ۋاھىت، مىرزەخمەت ئىلياس ئوغلۇ، مەدىنە نازىمى قاتارلىق تۆت ئۇيغۇرنىڭ خىتايدىكى ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تەپسىلى بايان قىلىنغان. ماقالىدە يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە خالىغانچە تۇتۇپ ـ سولاش، قىيناش، مەجبۇري مېڭە يۇيۇش ۋە كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ خىتايدىكى ئۇرۇق تۇققانلىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىسىگە قارشى سۆز قىلىشقا چاقىرغان.

### ئامېرىكا بىخەتەرلىك تەشكىلاتى دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئىتتىپاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ

كانادادىكى **ipolitics** گېزىتىنىڭ 25 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، خەلىفاكىس خەلقئارا بىخەتەرلىك مۇنبىرى **(HFx)** باش مىنىستىر جاستىن ترودو **(Justin Trudeau)** ۋە ئامېرىكا پىرېزىدېنتى جوۋ بايدىن **(Joe Biden)** قاتارلىق دۇنيادىكى دېموكراتىك رەھبەرلەرنى خىتايغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يەر شارىدىكى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان يەرشارى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا چاقىرغان. خەلىفاكىس يەرشارى بىخەتەرلىكىنى ئاساس قىلغان، ۋاشىنگتوننى بازا قىلغان

مۇستەقىل، پارتىيىسىز تەشكىلات بولۇپ دۇنيا رەھبەرلىرىدىن خىتاينىڭ ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدىغان يەتتە مۇھىم ”پرىنسىپ“ نى قوللاشنى تەلەپ قىلغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە بۇ يەتتە پرىنسىپ خىتاينىڭ دېموكراتىك جەمئىيەتكە ئارىلىشىشقا ئۇرۇنۇش، ئۆز پۇقرالىرىغا زۇلۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇش، تېخنىكا ۋە ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش ۋە ئەخلاقىقا يات قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

## ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەر قاچان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر

قەھرىتان قىش خەۋەرلەر تورىنىڭ 26 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن (Antony J. Blincon) ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم رىقابەتنىڭ خىتايدىن كەلگەنلىكىنى، «خىتاينىڭ ئىرادىسى»گە قارشى سىياسەتتە شەك يوقلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېئونىڭ (Mike Pompeo) شەرقى تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدىكى قارارىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يەنە خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلىرىنىڭ پومپېئو دىگەندەك ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى، شەرقى تۈركىستاندىكى مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلماسلىقتا ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تېخنىكا قوراللارنىمۇ ئېكسپورت قىلماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىلىنكىنىنىڭ بۇ قارارى خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئارزۇ قىلىشتەك رەزىل ئۈمىدىنى يوققا چىقارغان.

## ئامېرىكىدىكى يەتتە كارخانا ـ جەمئىيەت ئامېرىكانى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشقا قارشى رېئال تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا چاقىردى

توقۇمىچىلىق دۇنياسى (Textile World) تورىنىڭ 27 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكادىكى كىيىم ـ كېچەك ۋە سودا ـ سانائەتكە ئالاقىدار يەتتە جەمئىيەت بۇگۈن 117 قۇرۇلتاينىڭ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبەرلىكىگە خەت تاپشۇرغان ۋە مەجبۇري ئەمگەككە قاراپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، پارلامېنتنى خىتايدىكى شەرقى تۈركىستان رايونىغا تېز، ئېنىق ، قوللىنىشچان ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرغان. خەتتە پارلامېنتنىڭ ھەرىكەت قوللىنىپ شەرقى تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تېخىمۇ چوڭ باستۇرۇش ھەرىكىتىنى توختىتىشقا كاپالەتلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

## يەھۇدى ئەربابلىرى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئىنكاس بىلدۈردى

ئەلجەزىرە تورىنىڭ 27 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەدىكى نوپۇزلۇق يەھۇدىيلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى چىقىشتا«ئەخلاقى مەجبۇرىيىتى» بارلىقىنى ئېيتقان. خەۋەردە يەنە يەھۇدىي كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رەئىسى مىيا خاسىنسون گروس (Mia Hasenson ـ Gross) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## خىتاي ئانتونى بىلىنكىننىڭ كىلىمات مۇراجىئىتىنى رەت قىلدى

نيۇيورك پوچتىسى گېزىتىنىڭ 28 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكىننىڭ (Antony Blinken) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئىكەنلىكىگە قوشۇلغانلىقى سەۋەبلىك، كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە ھەمكارلىشىش ئىلتىماسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە،ە خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى تۋىتتېردا ئېلان قىلغان يېڭى باياناتىدا بىلىنكىننى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان سالغان دەپ ئەيىبلىگەن ۋە بۇنداق ئەھۋالدا يەرشارى خاراكتېرلىك كىلىمات ئىشلىرىدا ھەمكارلىشىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ جار سالغان. خەۋەردە يەنە بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى تىرىليون دوللارلىق كىلىمات ئۆزگىرىشى پىلانىنى ئېلان قىلغانلىقى ۋە بۇ پىلاننىڭ دۆلەتنىڭ تاشقا ئايلانغان يېقىلغۇغا تايىنىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ماركو رۇبىئو ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان

فىلورىدا خەۋەرلەر تورىنىڭ 29 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىئو (Marci Rubio) بۇ ھەپتە كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلېي (Jeff Merkley) بىلەن بىرلىشىپ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، رۇبىئو ئىشخانىسى بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر

مەجبۇري ئەمگەكنى بىلەن ياسالغان تاۋارلارنىڭ ئامېرىكاغا كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. خەۋەردە يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەككە باغلانغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئارىلىشىپ قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى ۋە بۇ ۋەھشىيلىكنى سادىر قىلغۇچىلارنى جاۋابكارلىققا تارتىشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەلدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 1 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنى تېررورلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچى روشەن ئابباسنىڭ ئاچىسى گۈلشەن ئابباس تېررورلۇق جىنايىتى بىلەن يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ (USCIRF) كومىسسارى نۇرى تۈركەل ئەپەندى بۇ ھەقتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنى قورقۇتۇش ۋە جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى تۇغقانلىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋالىدىغانلىقىنى، گۈلشەن ئابباسنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشى ئۇنىڭ سىڭلىسى روشەن ئابباسنىڭ ئامېرىكادىكى ئاكتىپلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. خەۋەردە يەنە چەتئەلدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ خىتايدىكى تۇغقانلىرى گۆرۈگە ئېلىنىش، پۇل ـ ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىش، جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلىش، تۈرمىگە تاشلىنىش قاتارلىق جازالارغا ئۇچرايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى BBC نىڭ خەۋىرىدىن كېيىن ئىنكاس بىلدۈردى

ئاۋستىرالىيەدىكى ABC تورىنىڭ 3 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر BBC نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان باسقۇنچىلىق ۋە قىيناش ھەققىدىكى خەۋىرىدىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىق قىلدى. يېقىندا BBC تورى خىتايدىكى لاگېرلاردا جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان ياكى ئۇنىڭغا شاھىت بولغان بىر قانچە ئايالنى زىيارەت
قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ لاگېردىكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا نەق مەيدان گۇۋاھلىق بەرگەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچراش كەچۈرمىشىنى سۆزلەشنىڭ

ئۆلۈمدىن قاتتىق ئىكەنلىكىنى ۋە خىتايلارنىڭ بۇ پەسكەش قىلمىشى شەرقى تۈركىستاندىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە گېرمانىيەلىك ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنزنىڭ (Adrian Zenz) ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەنلىكى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، خىتايلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلىرى ۋە سۆزلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى سەۋەپ هۆكۈمەتنىڭ سودا قانۇن لاھىيىسى مەغلۇپ بولدى

ئەنگلىيىدىكى **BBC** خەۋەرلەر تورىنىڭ 3 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، تورداشلارنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كىشىلىك هوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىشىنى توختىتىش ھەرىكىتىنى قوللىشى بىلەن هۆكۈمەت ئاۋام پالاتاسىدا سودا قانۇن لاھىيىسى مەغلۇپ بولغان. پارلامېنت ئەزالىرى يانۋاردا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار ئۆزگەرتىشلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاۋام پالاتاسى سودا قانۇن لاھىيىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئويلاشقان. خەۋەردە يەنە يۇقىرى سوتقا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا هۆكۈم قىلىش هوقۇقى بېرىلىش توغرىسىدا بىلەت تاشلانغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ تۈزىتىش 118 گە قارشى 358 بىلەت بىلەن قوللاشقا ئېرىشكەن.

## 1997 ـ يىلىدىكى غولجا قەتلىئامى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق

دىپلومات ژۇرنىلى 5 ـ فېۋرال كۈنى «غولجا قەتلىئامى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە زۇبەيرە شەمشىدىن خىتايلارنىڭ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى سالىھە شەمشىدىن ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا غۇلجا قەتلىئامى مەزگىلىدە ئېلىپ بارغان رەھىمسىزلەرچە جازالاشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق، خىتايلارنىڭ بۈنىڭدىن 24 يىل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى غولجا قەتلىئامىدا ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بارغان ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىغان. ماقالىدە يەنە غۇلجا قەتلىئامىدىن كېيىن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان باستۇرۇشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق يوقىتىش مەقسەت قىلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## بلىنكىن ئۇيغۇرلار ۋە خوڭكوڭ توغرىسىدا خىتايغا بېسىم قىلدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 6 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئانتونىي بلىنكىن (Antony Blinken) پرېزىدېنت جوۋ بايدىن (Joe Biden) ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى سۆھبەتتە خىتاينىڭ ئۇيغۇر، تىبەت ۋە خوڭكوڭ قاتارلىق رايونلاردىكى باستۇرۇشلىرى ھەققىدە بېسىم قىلغان. بلىنكىن خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ياڭ جيېچىغا (Yang Jiechi) ئامېرىكانىڭ «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭ توغرىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك قىممەت قارىشىنى داۋاملىق قوغدايدىغانلىقىنى» ئېيتقان. خەۋەردە يەنە بلىنكىننىڭ ترامپ رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى قارارىغا قوشۇلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ئەنگلىيە ئادۋوكاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتىنى تېپىپ چىقتى

ئامېرىكادىن چىقىدىغان فوربېس (Forbes) ژۇرنىلىنىڭ 8 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، لوندونغا جايلاشقان ئېسسېكس سوت مەھكىمىسىدىن كەلگەن، ئالىسون ماكدونالدنى (Alison Macdonald QC) ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيىلىك ئادۋوكاتلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋەھشىيلىكنىڭ ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتىنى تېپىش توغرىسىدا قانۇنىي پىكىر ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ قانۇنىي پىكىر مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كەسپىي ھۆكۈمى ئىكەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسىنىڭ 2 ـ ماددىسى ۋە رىم ئەھدىنامىسىنىڭ 6 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىلارنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىكەن. قانۇنىي پىكىردە تەكىتلىنىشىچە، خىتاي ئەمەلدارلىرى شەخسىي جىنايى جاۋابكارلىقتىن باشقا، خىتاي دۆلەت نۇقتىسىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىشى مۇمكىن ئىكەن. خەۋەردە يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان رەسمىي بايانات ئېلان قىلىشى تەۋسىيە قىلىنغان.

## ئاندرېۋ فوررېستنىڭ خەيرى ـ ساخاۋەت فوندى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئەيىبلىدى

قوغدىغۇچى گېزىتىنىڭ 8 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئاندرېۋ فوررېستنىڭ (Andrew Forrest) خەيرى ـ ساخاۋەت ئورگىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مەجبۇري ئەمگەك ۋە كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارە ئەيىبلىگەن. فوررېست گەرچە زامانىۋىي قۇللۇق ۋە مەجبۇري ئەمگەككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋىي پائالىيەتكە مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى ئەيىبلەشنى رەت قىلغان ۋە بۇ سەۋەپلىك تەنقىدكە ئۇچرىغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئۆتكەن يىلى ئۇيغۇر تەشكىلات رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا ئۆز مەيدانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن بولۇپ، فوررېست كېيىنچە قارارىنى ئۆزگەرتكەن. خەۋەردە يەنە دۆشەنبە كۈنى كېچەش پالاتا ئەزاسى رېكس پاترىكنىڭ (Tex Patrick) ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇري ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئىمپورتنى چەكلەش قانۇن لاھىيىسىگە سۇنۇلغان دوكلاتىدا، فوررېستنىڭ مىندىرو فوندى جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇللۇققا قارشى تۇرۇش پائالىيىتىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئاشكارە ئەيىبلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي Clubhouse دېتالىنى ئىشلىتىشنى چەكلىدى

ئاۋستىرالىيەدە چىقىدىغان ABC خەۋەرلەر تورىنىڭ 10 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تەيۋەن ـ تىيەنئەنمېن مەيدانى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ھەمبەھىرلىگەنلىكى سەۋەپ خىتايدا Clubhouse دېتالىنى ئىشلىتىشنى چەكلىگەن. خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى، خوڭكوڭ ۋە تەيۋەندە تېز ئالقىشقا ئېرىشكەن، كەم دېگەندە ئىككى مىليون قېتىم چۈشۈرۈلگەن بۇ سۇپا پەقەت ئالما شىركىتىنىڭ iOS سىستېمىسىنىلا قوللايدىغان بولۇپ، يېقىنقى كۈنلەردە بۇ يۇمشاق دېتالدا تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەھشىيلىكلەر مۇزاكىرە قىلىنغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە بۇ خىتايدىكى ياشلارغا نىسبەتەن بۇنداق سەزگۈر مەسىلىلەرنى تۇنجى قېتىم ئۇچۇق ـ ئاشكارە مۇزاكىرە قىلىش بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەرنىڭ بۇ دېتالنى ئىشلىتىشى توسالغۇغا ئۇچرىغان ۋە بۇ ئەركىنلىك سۆيىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن.

## ياپونىيىدىكى ئون ئىككى چوڭ شىركەت خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق سودا كېلىشىمنى توختاتتى

ياپونىيە ۋاقتى گېزىتىنىڭ 22 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ياپونىيەنىڭ ئون ئىككى چوڭ شىركىتى شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن نەپكە ئېرىشىۋاتقان خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بولغان سودا كېلىشىمنى توختىتىشنى قارار قىلغان. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىدىن كەلگەن پاختا ۋە باشقا مەھسۇلاتلارغا ئىمپورت چەكلىمىسى قويۇشى ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا تەدبىر قوللىنىشىغا بېسىم ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىندا ئاقىللار ئامبىرى تىلغا ئالغان ئون تۆت ياپونىيە شىركىتىنىڭ ئون ئىككىسى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان شېرىكلىرى بىلەن بولغان تىجارەتنى توختىتىدىغانلىقىنى ياكى توختىتىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە يەنە توشىبا شىركىتىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان دەپ گۇمان قىلىنغان بىر شىركەت بىلەن بولغان سودىنى توختىتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

## كانادا پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ جاكارلىدى

ئەنگلىيىدىكى BBC خەۋەرلەر تورىنىڭ 23 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، كانادا ئاۋام پالاتاسى نۆلگە قارشى ئىككى يۈز ئاتمىش ئالتە ئاۋاز بىلەن، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ رەسمىي ئېلان قىلغان. بۇ قارار كانادانى ئامېرىكىدىن قالسىلا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىككىنچى دۆلەتكە ئايلاندۇرغان. خەۋەردە يەنە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىشنى توختاتمىسا، 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە كانادالىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ قاتناشمايدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي تۆھمەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى

خىتاينىڭ فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى 23 ـ فېۋرال بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي لاگېرىدا ئازابلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر لاگېر شاھىدى گۈلباھار خاتىۋاجى خانىمغا تۆھمەت چاپلىغان. گۈلباھار ھايتىۋاجى نۇرغۇن مىدىيالاردا گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە يېقىندا «خىتاي لاگېرىدىن قۇتۇلۇش» ناملىق كىتابىنى نەشىر قىلىپ فرانسىيىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. خىتاينىڭ فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئۆزىنىڭ ئورگان تور بېتىدە بايانات ئېلان قىلىش ئارقىلىق، گۈلباھار خانىمغا يالغانچىلىق، يالغاندىن پاكىت ئويدۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈمەن تۆھمەت چاپلاپ ئۆز رەزىللىكىنى دۇنيا جامائىتىدىن يوشۇرماقچى بولغان. خىتايغا قارشى نەپرەت سادالىرى ياڭراۋاتقان، خىتاينىڭ رەزىللىكلىرى توختىماستىن پاش قىلىنىۋاتقان پەيتتە، خىتاينىڭ بۇ تۆھمەتلىرى ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقىنى تېخىمۇ بەك ئىسپاتلايدۇ، خالاس.

## بورىس جونسون ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى بايقۇت چاقىرىقىنى رەت قىلدى

BBC خەۋەرلەر تورىنىڭ 24 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بورىس جونسون خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقىنى رەت قىلغان بولۇپ، ئەنگلىيە ئولىمپىك جەمئىيىتى (BOA) باش مىنىستىرنىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشنىڭ توغرا ھەل قىلىش چارىسى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە ئېد داۋېي (Ed Davey) ئەنگلىيە ئولىمپىك جەمئىيىتى ۋە مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېرلارنى تاقىمىسا، تەنھەرىكەتچىلەرنى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلغان. خەۋەردە يەنە 180 دىن ئارتۇق تەشكىلات ۋە ھۆكۈمەتنىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرغانلىقى، شۇنداقلا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» دەپ ئاتىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## فرانسىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىنى ئەيىبلىدى

فرانسىيە 24 تورىنىڭ 24 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ژىن يۋېس لدرىئان (Jean ـ Yves Le Drian) خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان باستۇرۇشىنى ئەيىبلىگەن. لدرىئان جەنۋەدىكى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە سۆز

قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىدىن كەلگەن شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئورۇنسىز جازالاش، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە تۇزۇملەشكەن باستۇرۇشنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ قارىشىچە، لىدىرىئانىنىڭ مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىشىنى 2020 ـ يىللىق كىشىلىك ھوقۇقنىڭ زور دەرىجىدە چېكىنىشىنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە تىلغا ئالغانلىقى كۆرستىلگەن.

## ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قوبۇل قىلغان تۇنجى ياۋروپا دۆلىتى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 25 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، گوللاندىيە پارلامېنتى 25 ـ فېۋرال چارشەنبە كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلەۋاتقان جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان ياۋروپا دۆلىتىلىك شەرىپىگە ئېرىشتى. گوللاندىيەدىن ئاۋۋال باشتا ئامېرىكا، ئاندىن كانادا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىن قىلىنىشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغان دۆلەت ئۈچكە چىقتى. بىز ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل ۋە ئاكتىپ بولۇپ، پۈتكۈل دېموكراتىك ئەللەر مىقياسىدا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا كۈچىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



**ئېۋىلىنا ئوچاب**

ئۇيغۇرلارنىڭ لوندوندىكى ئاۋازى، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئېۋىلىنا ئوچاب خانىم



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ۋەتەن-ئەرلىرىمىز ئۈچۈن قىز-ئاياللىرىمىزدۇر، قىز -ئايالىرىمىزنىڭ ئىپپەت -نومۇسىدۇر.